# كرىلوف مەسەللىرى



# كىچىك پاشقان بىلەن چوڭ پاشقان



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ISBN 978-7-228-10709-4
9 787228 107094 >
定 价:6.00元

# كرىلوف مەسەللىرى

## كىچىك چاشقان بىلەن چوڭ چاشقان

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت ئىمىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uygurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

克雷洛夫寓言. ①/(俄罗斯)克雷洛夫语言; 艾合买提·伊明译—
乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.12
ISBN 978-7-228-10709-4

Ⅰ.克… Ⅱ.①克…②艾…Ⅲ. 寓言—作品集—俄罗斯—近代—
维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I512.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第158070号

责任编辑: 阿不都吾甫尔·赛义丁
责任校对: 阿依故丽·沙吾提
封面设计: 米尔扎提·阿不都拉塔吉
绘　　图: 阿米尔·托合提

克雷洛夫寓言① (维吾尔文)
艾合买提·伊明　译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米　32 开本　3.375 印张　2 插页
2007 年 7 月第 1 版　2009 年 2 月第 2 次印刷
印数: 3061—8060

ISBN 978-7-228-10709-4　定价: 6.00 元

بۇ كىتاب جياڭشى خەلق نەشرىياتىنىڭ 1979 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشـرى، 1984 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنغان نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىندى.

本书根据江西人民出版社1979年6月第1版、1984年4月第2次印刷本翻译出版的版本重新编辑出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇغوپۇر سەئىدىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى
رەسىملەرنى سىزغۇچى: ئامىر توختى

**كرىلوف مەسەللىرى — 1**
تەرجىمە قىلغۇچى : ئەخمەت ئىمىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 3.375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2007 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 8060 —— 3061
ISBN 978 — 7 — 228 — 10709 — 4
باھاسى : 6.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## تەرجىماندىن

ئىۋان ئاندرېۋىچ كرىلوف (1769 — 1844) روسىيە دراماتورگى، ژۇرنالىستى ۋە مەشھۇر مەسەل يازغۇچىسى. مەسەلچىلىك ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كرىلوفنىڭ مەسەللىرى روسىيە ئەدەبىياتى رېئالىزمىنىڭ مۇقەددىمىسى دەپ تونۇلغان. ئۇنىڭ مەسەللىرىدە ئەزگۈچى سىنىپلارغا لەنەت، ئېزىلگۈچىلەرگە مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ مەسەللەردە روسىيە خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كۆزگە يارقىن تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ مەسەللەردىن روسىيىدىكى ھەر قايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ھەر خىل ئىدىيە، ھېسسىيات، مۇرەككەپ خاراكتېرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ توغرا، ھەقىقىي، ئەينەن قىياپىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ كىتابقا كرىلوفنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا يازغان بارلىق مەسەللىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەسەللەر ئەسلىدە شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان. ۋۇ يەن ئەپەندى بۇنى خەنزۇ تىلىغا ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغان. ئىنگلىزچە تەرجىمىسىمۇ ئەسلىي شېئىرىي نۇسخا ئىكەن. لېكىن، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي روھىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە نەسرىي شەكىل قوللىنىلغان. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغاندا، بۇ نۇقتا ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇلۇپ، سۆزلەر بىر قەدەر ئەينەن ئېلىندى، جۈملىلەر بەك ئەركىن، يۇمشاق ئىشلىنىپ كەتكىنى يوق. ئاردا ئىنگلىزچە،



خەنزۇچە ئىككى تىل كۆۋرۈك قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەرجىمە كرىلوف ئىجادىيىتىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىدىن خېلى يىراقلىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ نۇقسانىنىڭ كەلگۈسىدە ئەسلىي رۇسچىدىن قىلىنغان تەرجىمىسى بىلەن تېخىمۇ تولۇقلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# مۇندەرىجە


بېشىغا كۈن چۈشكەن دېھقان ........................................ 1
خوجايىن بىلەن چاشقان ........................................ 3
پىل بىلەن پىستە كۈچۈك ........................................ 5
بۆرە ۋە ئۇنىڭ كۈچۈكى ........................................ 6
مايمۇن ........................................ 8
خالتا ........................................ 10
مۈشۈك بىلەن ئاشپەز ........................................ 13
شىر بىلەن پاشا ........................................ 15
كۆكتاتچى دېھقان بىلەن «دانا» ........................................ 17
تۇۋا قىلغان تۈلكە ........................................ 20
شىر شاھزادىنىڭ تەربىيىلىنىشى ........................................ 22
بوۋاي بىلەن ئالىقاپ يىگىتلەر ........................................ 26
كۆچەت ........................................ 28
غاز ........................................ 30
تۇڭگۇز ........................................ 32
چىۋىن بىلەن پەيتۇن ........................................ 33
بۈركۈت ۋە ئۆمۈچۈك ........................................ 35
ئانا كېيىك بىلەن زاھىت ........................................ 38
كۈچۈك ........................................ 39
بۈركۈت بىلەن قارىغۇ چاشقان ........................................ 40
تۆت سازەندە ........................................ 42
يوپۇرماق بىلەن يىلتىز ........................................ 44
بۆرە بىلەن تۈلكە ........................................ 46




لەگلەك........................................48

ئاق قۇ، قىزىل بارراكۇدا بېلىقى ۋە راك..........49

جىگدىچى قۇش..................................51

كۆلچەك بىلەن دەريا...........................53

ترىشكانىڭ چاپىنى..............................55

ئىنژېنېر........................................57

ئوت ۋە برىلىيانت..............................59

دەرۋىش ۋە ئېيىق...............................61

گۈل.............................................64

دېھقان بىلەن يىلان............................66

دېھقان بىلەن بولاڭچى.........................68

ئېكسكۇرسىيىچى ......................69

شىرنىڭ تەقسىماتى..............................70

ئات ۋە چەۋەنداز...............................72

دېھقانلار ۋە دەريا..............................74

رەھىمدىل تۈلكە................................76

يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ يىغىنى....................79

دېمىياننىڭ شورپىسى...........................81

كىچىك چاشقان بىلەن چوڭ چاشقان.............83

سەۋە قۇشى بىلەن كەپتەر.......................84

مەرۋايىت ئىزدىگۈچى...........................85

خوجايىن موماي بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئايال خىزمەتكارى....90

تاش بىلەن قوڭغۇز..............................93

ئېيىقنىڭ ھەرە كۆنىكىگە نازارەتچى بولۇشى.........95

مايمۇن بىلەن ئەينەك...........................97

پاشا بىلەن پادىچى..............................98

دېھقان بىلەن ئەزرائىل..........................99






ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitab.com

# بېشىغا كۈن چۈشكەن دېھقان

كۈز ئېيى ئىكەن، بىر كۈنى كەچتە دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ، ئۇنىڭ ئامبىرىدىن قولغا چىققانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. دېھقان كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغاندا خېلى ھاللىق ئىكەن، ئويغانغاندا بولسا ئۆزىنى ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلمىسا كۈن ئالالمايدىغان يوقسۇل ھالەتتە كۆرۈپتۇ. ئويغىنىپ قارىسا ئۆي ئىچى قۇرۇقدىلىنىپ قالغان، نېمىدېگەن دەھشەت ! ئاھ خۇدا، بىزنىڭ بېشىمىزغا مۇنداق كۈننى سالمىغايسەن !

بىچارە دېھقاننى ئېغىر غەم بېسىپتۇ، ئۇ ئاھ ئۇرۇپ، يىغلاپ ـ قاقشاپتۇ، ئاخىر ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەر، قولۇم ـ قوشنىلىرىنى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ.

— بېشىمغا كۈن چۈشتى، — دەپتۇ ئۇ، — ھەرقايسىڭلار ماڭا سېخىيلىق بىلەن بىر ياردەم قىلساڭلار قانداق؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېھمانلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋىچىرلىشىپ كېتىپتۇ، ھەر بىرى بىرنېمە دەپتۇ، گەپلىرىمۇ خېلى يوللۇقتەك قىپتۇ.

— ھەي بىچارە دوستۇم، ھۆرمەتلىك دوستۇم، — دەپتۇ بىرى، — ئەسلىدە ئەھلى يۇرت ئالدىدا چوڭ سۆزلىمىسەڭ، بايلىقىڭ بىلەن ماختانمىساڭ بوپتىكەن !

— بۇنىڭدىن كېيىن، ئاكا، — دەپتۇ بىر نەۋرە ئىنىسى سۆز قىستۇرۇپ، — كاللاڭ بىلەن ئىش قىلساڭ بولىدۇ،



ئامبار دېگەننى ياتىدىغان ئۆيگە يېقىن سالىدىغان گەپ.

— ئامبارنى دەۋاتامسەن؟ — دەپتۇ ئۇنىڭ قوشنىسى، — گەدىنى قىچىشسا پۇتىنى تاتىلاپتۇ دېگەندەك گەپ قىلمىغىنا، بۇ يەردىكى مەسىلە ئامبارنىڭ ياتىدىغان ئۆيگە يىراق بولۇپ قالغانلىقىدا ئەمەس. ئەسلىدە ئۇ تازا يامان ئىتتىن بىرنەچچىنى بېقىپ قويسا بولاتتى! يورسىلە، بىزنىڭكىگە كىرسىلە قوشنام، سىلىگە بىر كۈچۈك بېرەي. ئۆزلىرى بىلىدىلا، ئۇ ھېلىقى قارا ئىتىمنىڭ كۈچۈكى. بولدى، كۆڭلۈم ھەرقانچە ئۇنىمىسىمۇ ئۇنىڭدىن كەچتىم، ئاغىنە دېگەنگە ياردەم قىلمايدىغان ئىش بولامدۇ!

قىسقىسى، گەپ دېگەنگە پۇل كەتمەيدىغۇ. ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل مەسلىھەتلەرنى بېرىپتۇ، لېكىن ئەمەلىي ياردەمچۇ، بىچارە دېھقان بۇ جەھەتتە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەپتۇ.

※ ※

دۇنيادا ئىشلار كۆپىنچە مۇشۇنداق بولىدۇ. بىرەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئاغىنىلىرىڭنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا ھالىڭنى ئېيتساڭ ھەم ئۇلاردىن مېھرىبانلىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بېرىلگەن ھەرخىل مەسلىھەتلەرگە ئېرىشەسەن، لېكىن ئۇلاردىن بىرەر ئەمەلىي ياردەم تەلەپ قىلساڭ، ئەڭ يېقىن ئاغىنەڭمۇ شۇ زامانلا گاچا بولۇپ قالىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

# خوجايىن بىلەن چاشقان

سەن بىر نېمىلەرنىڭنى يوقاتقىلى تۇردۇڭ، لېكىن ئۇنى كىم ئالغانلىقىنى بىلمەيسەن. بۇ چاغدا ھەرگىزمۇ ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى ھاقارەتلەپ، ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ھەممىنى بىراق جازالايدىغان ئىشنى قىلىپ سالما. بۇنداق قىلساڭ، ئوغرىغۇ گۇناھىغا توۋا قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭمۇ سەندىن رايى قايتىپ كېتىدۇ، كىچىك پېشكەلچىلىك چوڭ بالايىئاپەتكە ئايلىنىدۇ.

※ ※

ھەرخىل يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان بىر كىشى بىر ئامبار ياسىتىپ، يېمەكلىكلەرنى شۇ يەردە ساقلاپتۇ. ئامبارغا ھەدېسە چاشقان كىرىپ ئارام بەرمىگەچكە، ئۇ چاشقان تۇتۇشقا ماھىر، تەجرىبىلىك مۈشۈكلەردىن بىر ساقچى ئەترىتى تەشكىل قىپتۇ. بۇ ساقچىلار كېچە - كۈندۈز چارلاپ تۇرغاچقا، چاشقانلارمۇ پاراكەندىچىلىك سالالمايدىغان بوپتۇ.

ھەممە ئىش جايىغا چۈشۈپ، تىنچ كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر چاتاق چىقىپتۇ: ساقچى ئەترىتىدىمۇ مەلۇم بىر ئوغرىنىڭ بارلىقى سېزىلىپتۇ. مۈشۈك دېگەنمۇ ئادەمگە ئوخشاش، ئۇنىڭغا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس - دە. ساقچىلارنىڭ باشلىقى بولغان مۈشۈكنىمۇ ئېۋەنسىز دېگىلى بولامدۇ.

ئەلۋەتتە، ئوغرىنى تۇتۇش كېرەك، بۇ ئەڭ مۇھىم ئىش !



ئاندىن ئۇنى جازالاش كېرەك، باشقىلارغا بولسا ياخشى مۇئامىلە قىلىش لازىم، لېكىن بىزنىڭ دۇكانچىمىز ئۇنداق قىلماي، ھەممە مۇشۇكنى بىر - بىرلەپ ساۋاپ چىقماقچى بوپتۇ. بۇ دانا بۇيرۇق مۇشۇكلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇشۇكلەر، مەيلى گۇناھى بولسۇن - بولمىسۇن، ئامبارنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ.

چاشقانلارنىڭ كۈتكىنىمۇ، ئارزۇ قىلىۋاتقىنىمۇ دەل شۇ ئىكەن: مۇشۇك يوق، يېمەكلىك بولسا جىق، نېمىدېگەن ئوبدان! بىر ئايغا بارمايلا چاشقانلار يېمەكلىكلەرنى يەپ، ئامبارنى قۇرۇقداپ قويۇپتۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# پىل بىلەن پىستە كۈچۈك

پىل شەھەر ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان ماڭدۇرۇلۇپ كۆرگەزمە قىلىنىپتۇ. پىل دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان نەرسە بولمىغاچقا، كوچىلارغا بىرمۇنچە ئادەم ئولىشىپتۇ.

بۇ نېمە بولغىنى؟ بىر كەمدە بىر پىستە كۈچۈك تازا قاۋىغىنىچە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەپتۇ. ئۇ قانداقتۇر بىر ئۆكتەملىك بىلەن پىلنىڭ بىردەم ئۇ يېنىغا، بىردەم بۇ يېنىغا ئۆتۈپ، خۇددى ئېلىشىدىغاندەك كۈچەپ قاۋاپتۇ.

— بولدى، قوشنام، — دەپتۇ ئوۋ ئىتى ئۇنىڭغا، — تولا سەتلەشمە. پىل شۇ قەدەر بەستلىك تۇرسا، سەن قانداقمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيسەن. سەن قانچە قاۋىساڭمۇ ئۇ پەرۋايىغا ئالماي ئۆز مېڭىشىدا كېتىۋاتىدۇ، ھەتتا ساڭا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايۋاتىدۇ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ ـ دە، — دەپتۇ پىستە كۈچۈك ئەقىلدارلىق بىلەن، — مېنىڭ كۈتكىنىممۇ شۇ. مەن مۇشۇنداق قاۋاۋېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشمايلا ھەقىقىي يىرتقۇچ، قالتىس نوچى بولالايمەن ئەمەسمۇ. ئەمدى باشقا ئىتلار مېنى بىزنىڭ بۇ باتۇر پىستە دۇنيادا ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، ئۇ تېخى پىلغىمۇ ئېتىلىپ قاۋىغان، دەپ ماختىشىدۇ.





# بۆرە ۋە ئۇنىڭ كۈچۈكى

بۆرە ئۆزىنىڭ كۈچۈكىنى ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن خېلى تەربىيىلەپتۇ ۋە بىر كۈنى ئۇنى ئورماندىن ئاچىقىپ:

— ماڭ، — دەپتۇ ئۇنىڭغا، — ئەمدى پەسكە چۈشۈپ باق. ھەر ھالدا بىر ۋاخ غىزاغا ئېرىششىنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويمىغايسەن، ئەتراپىڭغا قاراپ يۈر، پادىچىغا ئانچە - مۇنچە زىيان سالمىساڭ بولمايدۇ (قاراڭلار، بۆرە نېمىدېگەن زەھەرخەندە).

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۆرە كۈچۈكى قايتىپ كەپتۇ.

— ۋاي بول، تېز مەن بىلەن يۈر، — دەپتۇ ئۇ، — ساڭا تاماق دېگەن تەييار، دادا، ساڭا جىق ئاۋارىچىلىك يوق جاي مۇشۇ تاغنىڭ ئېتىكىدىلا. ئەنە، كۆردۈڭمۇ؟ توپ - توپ قويلار ئوتلاپ يۈرىدۇ، بىر - بىرىدىن سېمىز. ئەكىلىپ يېسەڭلا بولىدۇ. ۋاي - ۋۇي، نېمىدېگەن جىق قوي، ساناپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدىكەن!

— توختاپ تۇر، — دەپتۇ بۆرە، — سەن ئالدى بىلەن دېگىنە، ئۇ قويلارغا قارايدىغان پادىچى قانداق ئىكەن؟

— ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، خېلى نوچى، جاپاغا چىدايدىغان، دىتى بار پادىچى ئوخشايدۇ. لېكىن، مەن قوي پادىلىرىنىڭ ئەتراپىنى بىر قۇر چۆرگىلەپ، ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىپ باقتىم، تايغانلىرىنىمۇ كۆردۇم، كىچىكلا بىر نېمىلەر ئىكەن، بەك ياۋاش، كارغا كېلىدىغاندەك تۇرقى يوق.



# كرىلوف مەسەللىرى

— بۇ مەلۇماتلىرىڭ، — دەپتۇ بۆرە، — ئاڭلىماققا خىيـ- لى تۇزۇكتەك قىلغىنى بىلەن ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئەگەر پا- دىچى ئەقىللىق، قابىل بولسا، ھەرگىز كارغا كەلمەس تالـ- غانلارنى يىغىۋالمىغان بولاتتى. ئۇ يەرگە بارساق چوقۇم يېتـ- شىمىزغا بالا تېرىيمىز! يۈر، مەن سېنى باشقا بىر يەرگە ئا- پىراي، ئۇ يەردە قويغا ئېرىشمەك بەك ئاسان. مېنىڭچە، سەن ئۇ يەرنى راست بىخەتەر ئىكەن دەيسەن، ئۇ يەردە تايغان جىق بولغىنى بىلەن، پادىچى گالۋاڭ. پادىچى گالۋاڭ بولسا، تايغاز- لىرىمۇ ناتىۋان بولىدۇ.







# مايمۇن

ئەگەر مېھنىتىڭ بىرەر پايدا ياكى خۇشاللىق ئېلىپ كەلمىسە، تارتقان جاپايىڭ بىھۇدە بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ماختىشىغىمۇ، رەھمىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيسەن، ئەلۋەتتە.

※ ※

دېھقان تاڭ سەھەردە تۇرۇپ ئېتىزلىقىدا ئىشلەيدىكەن، كونا بوقۇرسىسىنى سۆرەپ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمىدىكەن. خەقلەر ئۇنى: «ھەقىقىي ئىشقا يارالغان ئەزىمەت ! » دەيدىكەن. ئاغىنىلىرى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ ئۇنىڭغا: «بۇرادەر، ئوبدان ئىشلەپسەن، بەرىكەت تاپ ! » دەپ تۇۋلاپ قويىدىكەن.

خەقلەرنىڭ ئۇنى ماختىغىنىغا مايمۇننىڭ ئىچى ئاداپ: «خەپ، مەنمۇ بىر ئىشلەپ باقمىسام» دەپ ئويلاپتۇ.

مايمۇن بىر كۈنى بىر تال لىم تېپىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بېشى قېيىپ، كۆزى قاراڭغۇلاشقۇچە ھەپىلىشىپتۇ. ئۇ ئىشنى دېھقاندىنمۇ زىيادىرەك قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنىكەن. ئۇ دەسلەپتە لىمنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپتۇ، ئاندىن مۇرىسىگە ئاپتۇ، كېيىن ئۇياقتىن - بۇياققا سۆرەپ، دومىلىتىپ يۈرۈپ، خۇددى ھور ئارىشاڭغا چۈشكەندەك قارا تەرگە چۆمۈپتۇ. نەپەسلىرى ناھايىتى قىينىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئارام ئالغۇسى كەلمەپتۇ، ھالبۇكى ھېچكىمدىن ئۇنى ماختايدىغان بىر ئېغىز سۆز چىقماپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## كرىلوف مەسەللىرى

بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نەرى بار دەيسىز، ئۇ ھەرقانچە كۈچەپ جاپا تارتقىنى بىلەن، ئۇنىڭ ھېچكىمگە پايدا ۋە مەنپەئىتى يوق - دە !







# خالتا

دەھلىزىدە يەرگە تاشلىنىپ ياتقان بىر خالتا بار ئىكەن، خىزمەتكارلار ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ئاياغلىرىنى سۇرتىدىكەن. بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇ زور قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشىپتۇ: ئىچىگە لىق تىللا سېلىنىپ، پولات ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

ئەمدى ئۇ خوجايىنىنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىسىگە ئايلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە نۇرغۇن تىللا سېلىنغاچقا، خوجايىن ئۇنى ئادەم تۇرماق، چىۋىنمۇ كىرەلمەيدىغان يەرگە يوشۇرىدۇ ـ دە.

خوجايىن ئۇنى خەققە داملاشقا ئامراق بولغاچقا، ئەھلى يۇرتنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بىر خالتىنىڭ بارلىقىنى بىلىدىكەن. ئەگەر ئاغىنىلىرى كېلىپ قالسا خوجايىن خالتىنى ئۆز جېنىدەك قەدىرلەپ، ماختاپ سۆزلەپ كېتىدىكەن ۋە خالتىنى ئېچىپ ئۇلارغا كۆرسىتىدىكەن. ئىشقىلىپ، ئۇنى كۆرگەنلىكى كىشى ئالاھىدە خوش بولۇپ، خالتىنى مۇلايىملىق بىلەن سىلاپ قويىدىكەن ياكى قىزغىنلىق بىلەن بارماقلىرىنى تەگكۈزىدىكەن.

خەقلەرنىڭ ئۆزىنى مۇشۇنچىلىك قەدىرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خالتىنىڭ ئۆزىچە ھالى يوغىناپتۇ، ئۆزىنى قالتىس ساناپ كۆرەڭلەپتۇ. ھە دېسىلا ئاغزىدىن: «ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ!»، «ئۇ دېگەن ئەخمەق»، «قاراپ تۇر، جەزمەن چاتاق بولىدۇ» دېگەندەك كېسىپ ھۆكۈم قىلىۋېتىدىغان، بولمىغۇر گەپلەر چىقىدىغان بوپتۇ. گەرچە ئۇ ئا-





# كرىلوف مەسەللىرى

دەمگە پايدىسى يوق، پەقەت زىيىنىلا بار، ئەخمىقانە كۆيۈنگەنلەرنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، خەقلەر كۈن بويى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرىدىكەن. بەختسىز يېرى شۇكى، ئادەملەرنىڭ مۇنداق نۇقسانى بار: تىللا سېلىنغان بۇ خالتا نېمىلا دېسىمۇ، ھەتتا ناھايىتى بولمىغۇر گەپلەرنى قىلسىمۇ باركاللا ئېيتىپ ئول-تۇرىدۇ.

ۋەھالەنكى، ئۇ خالتىنى كىشىلەر مەڭگۇ مۇشۇنداق ماخ-تاپ، قالتىس چاغلاپ ئۆتۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنى مەڭگۇ بېشىغا ئېلىپ يۈرۈشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. ئىچىدىكى پار-قىراق تىللالارنىڭ بىرىمۇ قالمىغان چاغدا خالتا دەررۇ چۆرۈ-ۋېتىلىپتۇ، خەقلەر ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىپمۇ قويۇپتۇ.

※ ※

مەن بىرسىنىڭ زىتىغا تەگمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن راست گېپىمنىمۇ يوشۇرمايمەن، ھازىر ئۆزىنى بەكمۇ قالتىس چاغلاپ كېتىۋاتقان بەزى چوڭ بايلار دەل ئاشۇ خالتىغا ئوخ-شاش نەرسىلەر ئەمەسمۇ؟

بۇرۇن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چايخانىلاردا چاي توشۇپ، قى-مارخانىلاردا لاغايلاپ يۈرگىنىگە باقماي، تېخى نامراتلارنى كۆ-زىگە ئىلمايدىغان نېمىلەر ئىدى، كېيىنچە ھەرخىل شۇم-لۇقلار بىلەن ھارامدىن بېيىپ، كەمبەغەلچىلىكتە قالغان با-رىنلار، ۋەيران بولغان كىنەزلەر بىلەن ئۈلپەتلىشىدىغان، شە-ھەردىكى ئەڭ كاتتا قەسىرلەردە يۈرۈشىدىغان (بۇرۇن بۇ يەر-لەرنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ يېقىن يولىشالمايتتى)، ھە دېسە قارتا ئويناپ ھارمايدىغان بولۇپ قالدى. نېمىلا دېگەنبىلەن پۇل





ھەممىگە قادىر ـ دە !

لېكىن، ھۆرمەتلىك بۇرادەرلەر، بەكمۇ كۆرەڭلەپ كەت-مەڭلار، قۇلىقىڭلارغا ئىككى ئېغىز سۆزلەپ قوياي: «خۇدا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ! بىر كۈنى شۇنداقلا ۋەيران بولساڭلار، خۇددى شۇ خالتىغا ئوخشاش بىر بۇلۇڭغا چۆرۈپ تاشلىنىسىلەر.»



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

# مۈشۈك بىلەن ئاشپەز

خېلى ئوقۇمۇشلۇق بىر ئاشپەز بار ئىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئۇ بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆلۈمىگە بېرىپ كەلمەكچى بولۇپتۇ. مېيىت چىققان جاي يېقىن ئەتراپتىكى بىر قاۋاقخانا ئىكەن. ئۇ ئاشخانىدىكى جىققىنا يېمەكلىكلەرنى غالجىر چاشقانلاردىن ساقلاش ئۈچۈن مۈشۈكنى قاراۋۇللۇققا قويۇپ، شۇ يەرگە كېتىپتۇ.

لېكىن، ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە قانداق ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ دېمەمسىلەر؟ ئۆينىڭ ئىچى غاجاپ تاشلىنىۋەتكەن بولكا ـ پىرەنىكلەر بىلەن تولغان، مۈشۈك بولسا ئاچچىقسۇ تۇڭىنىڭ قېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بىر چۆجىنى ماكاشلىتىپ يەۋاتقانىكەن.

— ھەي ئاچ كۆز ! ھەي مەلئۇن ! — ۋارقىراپ كېتىپتۇ ئاشپەز غەزەپكە كېلىپ، — مەن ساڭا شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتسام، دوكاندا ئولتۇرۇپ قورسىقىڭنى توقلىغىلى تۇرۇپسىز، بۇنىڭغا ۋىجدانىڭ قانداق چىدىدى؟ (مۈشۈك يەنىلا چۆجىنى يېيىش بىلەن بوپتۇ).

— مانا، مەن مۇشۇنداق دىگىنە؟ ئۆز ۋاقتىدا ياخشى ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەڭ، سېنى تېخى پۈتۈن كوچا بويىچە نەمۇنچىلىككە كۆرستىپ يۈرۈپتىمەن. سەن چۈشكۈنلىشىپ ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدىغان ھالەتكە كېلىپ قاپسەن ئەمەسمۇ. ئەمدى مەن ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ خەقلەرگە سېنى ئوغرى، كاززاپ، ئۇنى ئاشخانا تۇرماق، ھويلاڭلارغىمۇ يېقىن



يولاتماڭلار، ئۇنى ئۆيگە ئەكىرسەڭلار، قوينى نومۇسسىز بۆردىگە تاپشۇرغاندەك ئىش بولىدۇ، ئۇ مۇناپىق، ۋابادىنىمۇ يامان ئاپەت، ئىلاھىم، تىن تارتماي ئۆلسۇن، دېمەيدىغان بولسام! (مۈشۈك ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغاچ چۈجىنى يەنىلا يەۋېرىپتۇ).

ئاشپەز ئاغزى بېسىلماي قايناۋېرىپتۇ، ۋەھالەنكى ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى تۈگىگۈچە مۈشۈك چۈجىنى يەپ تۈگىتىپتۇ.

※ ※

ماڭا مۇشۇنداق ئاشپەز ئۇچرىغان بولسا، مەن چوقۇم: «ئاشخاناڭنىڭ تېمىغا ھەرگىز قۇرۇق گەپ قىلىنمىسۇن، دەپ يېزىپ قوي. مۈشۈك قۇرۇق گەپ بىلەن باشقۇرۇلىدىغان نەرسە ئەمەس» دېگەن بولاتتىم.







ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

## شىر بىلەن پاشا

ئاجىزلارغا خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش ناھايىتى سەت ئىش. ئاجىزلار ئۆچ ئالىدىغان بولسا قاتتىق ئېلىۋېتىدۇ، شۇڭا قۇدرىتىم بار، مېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، دەپ ھەرگىز تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق كېرەك.

※ ※

شىرنىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان پاشا توغرىسىدا بىر ھېكايەم بار، سىلەرگە سۆزلەپ بېرەي، بۇنى ماڭا بىرى ئېيتىپ بەرگەن، ھېكايە مۇنداق:

شىر پاشىنى كۆزگە ئىلماي بەكمۇ بوزەك قىلىدىكەن. پاشا ئاخىرى قورساق كۆپۈكىگە چىدىماي، قوراللىنىپ ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشماقچى بوپتۇ. پاشا باتۇر نۆكەر ۋە كانايچى ئىكەن. ئۇ كانىيىنى غەزەپ بىلەن چېلىپ، دۈشمىنى شىرغا ھايات ـ ماماتلىق جەڭ ئېلان قىپتۇ.

شىر ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ چاغلاپ قاقاقلاپ كۇلۈپتۇ، لېكىن پاشا راستتىنلا جەڭگە چۈشكەنىكەن. ئۇ شىرنىڭ دۈمبىسىنىمۇ، كۆزىنىمۇ، قۇلاقلىرىنىمۇ چېقىپتۇ، ئۇ دەل نىشانلاپ تۇرۇپ، كەلگەن پۇرسەتنى پەقەت قولدىن بەرمەي، شۇڭقاردەك ئېتىلىپ كېلىپ، شىرنىڭ دۈمبىسىگە نەشتىرىنى بىر سانجىغانىكەن، شىر سىلكىنىپ تۇرۇپ قۇيرۇقى





بىلەن ئۇنى ئۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن، پاشا ناھايىتى چاققانلىق
قىپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن جەسۇرلۇق ئۇرغۇپ تۇرىدى-
كەن، قورقۇش دېگەننى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىكەن. ئۇ شىرنىڭ
چېكىسىگە قونۇپ قېنىنى شوراپتۇ، ھەتتا مېڭىسىنىڭ قېتى-
قىنى شورىۋېلىشقىمۇ تاس قاپتۇ. شىر بولسا بېشىنى چايقاپ،
يايلىرىنى سىلكىپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ باتۇرىمىز بولسا ھەدەپ
ھۇجۇم قىلىپ، شىرنىڭ بىردەم بۇرنىغا، بىردەم قۇلىقىغا
كىرىپ تازا چېقىپتۇ.

شىر بولسا ئۇنى تىللاپ - قارغاپ دەھشەتلىك ھۆركىرى-
گىلى تۇرۇپتۇ، بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، چىشىنى قاتتىق
غۇچۇرلىتىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتقىنىچە يەرنى تىرناقلىرى
بىلەن تاتىلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ۋارقىراشلىرىدىن
پۈتۈن ئورمان لەرزىگە كەپتۇ. ھايۋانلار قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇ-
چۇپ ئۇيان - بۇيانغا يوشۇرۇنۇپ بېقىپتۇ، كېيىن خۇددى
تاشقىن كەلگەندەك ياكى يانغىن يامرىغاندەك، ئالدى - كەينى-
گە قارىماي بەدەر قېچىشىپتۇ. ئۇلارنى بۇنداق ساراسىمىگە
سېلىۋەتكەن كىم؟ ئاشۇ پاشا ئەمەسمۇ!

شىرنىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپتۇ، ئۇ ئەسەبىي تېپىرلاشلىرىنى
توختىتىپ، يەردە سوزۇلۇپ ياتقىنىچە پاشىدىن سۈلھى تەلەپ
قىپتۇ. پاشىمۇ دەردىنى چىقىرىۋالغاچقا، بوپتۇ دەپ ئۇنىڭ
سۈلھىسىنى قوبۇل قىپتۇ.

پاشا ئەمدى ئورمانغا بېرىپ ئۆز غەلىبىسىنى تەنتەنە قى-
لىشى كېرەك. ئۇ بايا باتۇر ئەزىمەتنىڭ رولىغا چىققان بول-
سا، ئەمدى مەدھىيىلەيدىغان ئۇلۇغ شائىرنىڭ
رولىنى ئاپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆكتاتچى دېهقان بىلەن «دانا»

بىر كۆكتاتچى دېهقان بار ئىكەن، يەرگە پۈتۈن مېھرى بىلەن ئىشلەيدىكەن، خۇددى گۆھەر تاپىدىغاندەك، يەرنى ئاغدۇرىدىكەن، يۇمشىتىدىكەن. ئۇ ناھايىتى ئەمگەكسۆيەر كىشى ئىكەن، ساغلاملىقىدىن مەڭزىدە قىزىللىق تەپچىپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئەللىك چۆنەككە تەرخەمەك تېرىپتۇ.

ئۇنىڭ ئۆزىنى بەك بىلەرمەن چاغلايدىغان بىر قوشنىسى بار ئىكەن. ئۇ كىشى تولىمۇ چوڭ سۆزلەيدىغان، ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭكىنى توغرا دەپ تۇرىۋالىدىغان، ئەمەلىيەتتە پەقەت يېرىم - يارتىلا بىلىمى بار بىر بىلەرمەن ئىكەن. ئۇ كىتابتىن كۆكتاتچىلىققا ئائىت بىلىملەرنى ئانچە - مۇنچە ئوقۇۋېلىپلا، ئېتىزلىققا قۇر تارتىپ تەرخەمەك تېرىماقچى بوپتۇ، مۇشۇنداق قىلىپ تېخى قالتىس ھوسۇل ئېلىش كويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ بىر كۈنى قوشنىسىغا سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم، سېنىڭ ئىشچانلىقىڭغا قىل سىغمايدۇ، لېكىن مەن كۆڭلۈمگە پۈككەن پىلاننى ئىشقا ئاشۇرىدىغان بولسام، قاراپ تۇر، سەندىن جىق نەتىجە يارىتىمەن. شۇ چاغدا مېنىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزۈڭنى قۇرۇق يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپتىمەن، دەپ قالىسەن. راست گېپىمنى قىلسام، سېنىڭ مۇشۇ يەردىن قانداق بىرنېمە ئېلىۋاتقىنىڭغا، كۆكتاتلىرىڭنىڭ قانداق ئۆسۈپ چىقىۋاتقىنىغا ئەقلىم ھەيران. سەندىكى سىرنى زادى چۈشىنەلمىدىم. بىلىشىمچە، سەن بىرەر قۇرمۇ كىتاب



ئوقۇپ باقمىغانغۇ دەيمەن !

— مېنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ۋاقتىم يوق، — دەپتۇ قوشنىسى، — چۈنكى ئىش قىلىمەن ـ دە ! مەن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنى، قەتئىي بوشاشماي تىرىشىپ ئىشلەشنىلا بىلىمەن، مانا مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا خۇداغا شۈكرى، ھەر ھالدا ھوسۇل ئېلىپ يۈرۈپتىمەن.

— بۇ گېپىڭچە سەن تېخى بىلىم ئېلىشنى زاڭلىق قىلىدىكەنسەن ـ دە، ئەخمەق !

— ياق، تەقسىر. سۆزۈمنى خاتا چۈشىنىپ قالماڭ. قاچان بىر ياخشى يول تاپسىڭىز، چوقۇم سىزدىن ئۆگىنىمەن.

— ئەمىسە، يازغىچە ساقلاپ تۇرۇڭ. شۇ چاغدا ئەرزىيدىغان نەرسىنى كۆرىسىز!

— لېكىن، تەقسىر، ئىشلەيدىغان ۋاقىت دەل ھازىر ئەمەسمۇ؟ ئۆتكەن ھەپتىدىلا تەرخەمەكلىرىمنىڭ خېلى بىر قىسمىنى تېرىپ بولدۇم، لېكىن سىز ھېلىغىچە ئىشقا تۇتۇش قىلمىدىڭىزغۇ.

— ھازىر ئىشقا چولام يوق، كىتاب ئوقۇپ تەتقىق قىلىشىم كېرەك. ئوتىغۇچنى ئىشقا سېلىش كېرەكمۇ ياكى ساپانىمۇ، بۇ مەسىلىدە تېخى بىر قارارغا كەلمىدىم. ئالدىراش يوق ! ۋاقىت دېگەن مولچىلىق !

— سىز ئۈچۈن بەلكىم شۇنداقتۇر، لېكىن مەن ئۈچۈن ھازىر ۋاقىت بەك زىق.

كۆكتاتچى دېھقان گېپىنى تۈگىتىپ، ئوتىغۇچنى ئېلىپ ئېتىزغا كېتىپتۇ، بىزنىڭ ھېلىقى بىلەرمەنىمىز بولسا ئۆيدىگە كىرىپ كىتاب ـ دەستۇرلەرنىڭ ئىچىگە چۆكۈپتۇ. بىرى ئوقۇپ، سىبىلىشتۇرۇپ، مۇھاكىمە قىلىپ، ھەممە ئىشنى كىتاب





# كرىلوف مەسەللىرى

بويىچە قىلىدىكەن، يەنە بىرى بولسا كۆزىتىپ تاقىلىپ، يۇم-شىتىپ دىگەندەك پۇتۇن ئەجرىنى يەرگە سىڭدۈرىدىكەن. «دانا»نىڭ ئىشىنىڭ بىر باشقا چىقمىقى ناهايىتى تەس ئىدى-كەن، قەغەز يۇزىدىكى تەرخەمىكى ئەمدىلا بىخ چىقىراي دىگىنى-دە، يەنە كالىلىسىغا يېڭى ئوي، يېڭى پىلان كېلىپ قېلىپ، يەنە باشقىدىن كاللا قاتۇرۇشقا چۈشىدىكەن.

ئاخىرقى نەتىجە قانداق بوپتۇ دىمەمسىلەر؟ دېھقانىنىڭ تەرخەمەكلىرى پىشىپ ئاخىر شەھەردە پۇل بوپتۇ؛ بىزنىڭ «دانا» بولسا بىر تال تەرخەمەكمۇ ئالالماي ئولتۇرغان جايىدا ئولتۇرۇپلا قاپتۇ.







# توۋا قىلغان تۈلكە

— ھۆرمەتلىك بۇرادەر، — دەپتۇ دېھقان ئورمانىدىكى بىر ئوچۇقچىلىقتا ئۇچرىغان تۈلكىگە قاراپ، — سەن توخۇلار ئۈچۈن ئەزرائىل بولۇپ قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ مەن سەن ئۈچۈن بەك ئېچىنىمەن. ھازىر يېنىمىزدا ھېچكىم يوق، پەقەت ئىككىمىزلا بار، بىز ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشىپ باقايلى. راست گېپىمنى قىلاي، سەن قىلچىمۇ ياخشى ئىش قىلمايۋاتىسەن، قىلغانلىرىڭ شۇملۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئوغرىلىق دېگەننىڭ جىنايەت ۋە نومۇس ئىكەنلىكىنى ئېيتمايلا قوياي (خەقلەرنىڭ ھەممىسى سېنى جىنايەتچى دەپ قارايدۇ)، تاڭ ئەمدىلا يورۇي دېگەندە ياكى گۇگۇم چۈشكەندە، خەۋپ - خەتەرگە قارىماي ئوغرىلىققا كىرىشىسەن. ئۆزۈڭگىمۇ ئايان، چۈشلۈك ياكى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، سەندىن قالىدىغان نەرسە بىر دۆۋە ئۇستىخان. ھېسابلاپ چىقساڭ، بۇ چاغقىچە نەچچە مىڭ توخۇنى يەۋەتكەنسەن؟

— راست، مەن بەك يامان يولغا كىرىپ قالدىم! — دەپتۇ تۈلكە، — بۇ تۇرمۇشتىن ئۆزۈممۇ تويدۇم! تۈلكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ قەدەر رەزىل، ئويلىسام مېنىڭمۇ ئاچچىقىم كېلىدۇ. يېگەن نەرسەممۇ سىڭمەيدۇ، لېكىن بىلىشىڭىز كېرەككى، مېنىڭ كۆڭلۈم ياخشى! ماڭا نىمە ئامال، بالىلىرىمنى باقمىسام تېخى بولمىغان. مانا سىزمۇ كۆڭلىڭىز ناھايىتى ياخشى ئادەمكەنسىز، مەنمۇ ئېچىمدىكىنى دەپ باقاي، ئوغرىلىق بىلەن جان بېقىپ يۈرگەنلەر يالغۇز مەنلا ئەمەسقۇ؟





# كرىلوف مەسەللىرى

بىراق، بۇ ھەقىقەتەن ئەسكى ئىش. بۇنى ئويلىسام يۈرىكىمگە پىچاق تىقىلغاندەك بەكمۇ ئازابلىنىمەن.

— ئۇنداقتا، بۇ يولدىن ياناسەن بولىدىكەنغۇ، — دېدى دېھقان، — ئەگەر ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، مەن سېنى جىنايەتلىك تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قوياي، سەنمۇ ھالال يا-شاپ باق. مەن سېنى خىزمىتىمگە سالاي، توخۇلىرىمنى تۈل-كىلەردىن ساقلا. تۈلكىنىڭ ھىيلە - مىكرىسىنى تۈلكىدىن ئوبدان بىلىدىغان ھېچكىم بولمايدۇ. سېنى رازى قىلىشقا مانا ئۆزۈم كېپىل. سەن تۆكمە - تۆكمە گۆش - ماينىڭ ئىچىدە ياشايسەن، پايدا - مەنپەئەت دېگەن ساڭا جىق.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار پۈتۈشۈپتۇ، تۈلكە شۇ كۈنىلا ئىش-قا چۈشۈپتۇ.

دېھقانىنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئىكەن. ئۇنىڭ سېخىيلىقى-دىن تۈلكىنىڭ كۈنى گۈلدەك ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا يەيدىغان نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، شۇڭا ئۇ تېزلا ئەت ئېلىپ سەمرىپ كېتىپتۇ. ۋەھالەنكى، تۈلكە نېمىلا دېگەنبىلەن كاززاپ - دە! ئالدىدا ھەرقانچە ياخشى نەرسە تەييار تۇرسى-مۇ، ئۆزى ئوغرىلاپ كەلمىگىچكە يېگەنلىرى ئاغزىغا تېتىماپ-تۇ. ناھايەت تۈلكە بۇرادىرىمىز ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاخىرقى مۇ-قامغا يەتكۈزۈپ مۇنداق تاماملاپتۇ: بىر كۈنى كەچتە، تازا تۈن قاراڭغۇسى بولغان چاغدا، خوجايىنىنىڭ توخۇلىرىنى تۇتۇپ بىردىن - بىردىن بوينىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ.

قائىدە - قانۇنغا بويسۇنىدىغان ئىنساپلىق كىشىلەر ھەر-قانچە ھاجەتمەن بولۇپ كەتسىمۇ، ئوغرىلىق قىلمايدۇ. لېكىن، ئوغرىغا مىليونلاپ تەڭگە تاشلاپ بەرسەڭمۇ بەربىر ئوغرىلىد-قىنى قىلىدۇ.



# شىر شاھزادىنىڭ تەربىيىلىنىشى

شىر پادىشاھ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ-
تىكەن، خۇدا ئۇنى تىلىكىگە يەتكۈزۈپتۇ.

بەلكىم سىلەرمۇ ھايۋانلارنى بىلىشىڭلار مۇمكىن، ئۇلار
ئىنسانلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ! ئادەمزاتتا بىر ياشلىق بالا
مەيلى پادىشاھنىڭ ياكى پۇقرانىڭ بالىسى بولسۇن، ئىشقىلىپ
ناھايىتى ئاجىز، ئەقىل جەھەتتە يېتىلمىگەن بولىدۇ. ھەممى-
مىزگە مەلۇمكى، بىر ياشلىق شىر بولسا ئاللىبۇرۇنلا ئانى-
سىنىڭ ئېتىكىدىن نېرى بولىدۇ. شۇڭا، بۇ يىل شىر پادى-
شاھنى قانداق قىلىپ بۇ بالىنى دۆت چوڭ قىلماي، پادىشاھ
جەمەتىنىڭ ئابرۇيىغا داغ كەلتۈرمەيدىغان، كېيىنكى چاغلاردا
بۇ شاھزادە چوڭ بولۇپ ھوقۇق تۇتقاندا بۇ تۈپەيلى پۇقرالار-
دىن پادىشاھ ئاتىغا لەنەت ياغمايدىغان قىلىپ تەربىيىلىگىلى
بولىدۇ؛ بۇ بالىغا پادىشاھلىقنى ئۆگىتىشكە كىمنى تەكلىپ
قىلىش، كىمنى ياللاش ياكى كىمنى مەجبۇر قىلىش كېرەك؟
دېگەن خىيال بېسىۋالغانىكەن.

بۇ ئىشنى تۈلكىگە تاپشۇرسىچۇ؟ تۈلكە ناھايىتى زېرەك
بولغىنى بىلەن ئۇچىغا چىققان كاززاپ! بۇنداق كاززاپلار
ئىشنى بۇزماي قالمايدۇ. كاززاپلىق پادىشاھ ئۆگىنىدىغان ھۇ-
نەر ئەمەس. قارىغۇ چاشقانغا تاپشۇرسا مۇۋاپىق بولارمۇ يا؟
قارىغۇ چاشقان ئۆيىنى بەك رەتلىك تۇتىدۇ، دېگەن گەپ بار-
غۇ، ئۇ ئۆزى تەكشۈرمىگەن جايغا ھەرگىز ئارتۇق بىر قەدەم
باسمايدۇ، داستىخىنىغا تىزغان ھەربىر تال دانىنىمۇ ئۆزى تا-





# كرىلوف مەسەللىرى

زىلاپ، ئادالاپ ئەكېلەرمىش. قىسقىسى، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قارىغۇ چاشقان كىچىك ئىشلاردا ناھايىتى ئېدىتلىمىش. ھە-راست، ئۇ ئالدىدىكى نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرگىنى بىلەن، يىراقتىكى نەرسىلەرنى كۆرەلمەيدىغاندۇ؟ قارىغۇ چاشقانلارنىڭ تۇزۇمى ئوبدان بولغىنى بىلەن، بىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغۇ، شىر پادىشاھنىڭ تۇلۇم چاشقانلارنىڭ ئۇستۇنلۇكىدىن كۆپ ئارتۇق تۇرىدىغانلىقىغا ھەممەيلەن ئىقرارغۇ. خوش، ئۇنداق ئىكەن، قاپلاننى چاقىرىش كېرەك ئەمەسمۇ؟ قاپلان ھەم با-تۇر، ھەم كۈچلۈك، جەڭدىن گەپ ئاچسا كۈن بويى سۆزلەيدۇ، لېكىن سىياسەتنى بىلمەيدۇ، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى مەسىلىسى-دە پۇتۇنلەي ساۋاتسىز. شۇنداق ئىكەن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە ئۇ قانداق دەرس سۆزلەپ بېرەلىشى مۇمكىن؟ پادى-شاھ بولغان كىشى سىياسەتنىمۇ، قانۇننىمۇ، جەڭنىمۇ ئەھلى بولۇشى كېرەك، ۋەھالەنكى قاپلان پەقەت جەڭ قىلىش-نىلا بىلىدۇ. دېمەك، شاھزادە ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلەنسە بولمىغۇدەك. شۇنداق قىلىپ، شىر پادىشاھ بارلىق ھايۋانلارنى خىيالىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپتۇ، ھەتتا ئەقىل - پارا-ستى بىلەن ئورماندا ئەپلاتوندەك داڭق چىقارغان پىلمۇ ئۇ-نىڭ ئېتىبارىدىن چەتتە قالماپتۇ. لېكىن، قانچە ئويلىسىمۇ، ئۇنىڭغا بارلىق ھايۋانلار پەقەت نادان، ئەقلى بولغانلىرىنىڭمۇ ئەقلى چەكلىك بىلىنىپتۇ.

شۇ ئارىدا قوشنا دۆلەتنىڭ پادىشاھى قۇرغۇي شىرنىڭ بۇ كاللا قېتىنچىلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇنىڭ شىرغا خې-لى چوڭقۇر دوستلۇقى بار ئىكەن. شۇڭا، ئۇ شاھزادىنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ شىر پادىشاھقا ئالاھىدە ھىممەت كۆرسى-تىش تىلىكىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ (بۇنىڭ بەختتىن يا-



كى بەختسىزلىكتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھازىر بىر نېمە دېمەك تەسقۇ). شىر پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىد-دىن سەكرەپ كېتىپتۇ. قۇرغۇيىنىڭ پادىشاھنىڭ بالىسىغا ئۇستاز بولغانلىقى قالتىس ئىش - دە.

شىر بالىسى قۇرغۇي شاھنىڭ قولىدا دۆلەت باشقۇرۇشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ياسىنىپ - جابدۇنۇپ يولغا چىقىپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ، ئىككى يىلمۇ ئۆتۈپتۇ. بۇ جەرياندا شىر بالىسىغا قارىتا ماختاش - مەدھىيىلەشتىن بۆ-لەك سۆز بولماپتۇ. ھەممە قۇشلار ئۇنى: «كۈندىن - كۈنگە ئەقىللىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدەك تېز بىلىم ئىگىلىگەن ھېچكىم يوق» دەپ تەرىپلىشىپتۇ. ئاخىر شىر بالىسى ئو-قۇشنى تاماملاپتۇ. شىر پادىشاھ ئۇنى ئەكېلىش ئۈچۈن ئالدى-غا بىر نەچچەيلەننى ئەۋەتىپتۇ ۋە بارلىق ھايۋانلارنى يىغىپ ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ، بالىسى كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپتۇ. ئاندىن:

— سۆيۈملۈك ئوغلۇم، — دەپتۇ ئۇ، — مەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىشى ساڭا قالىدۇ. شۇ تاپتا بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. سەن بولساڭ يېڭى ئۆر-لەۋاتقان كۈنگە ئوخشايسەن. مەن تەختىمنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بې-رىشكە تەييارمەن. لېكىن، سەن ئالدى بىلەن كۆپچىلىككە بىر دەپ باقساڭ: سەن زادى قانچىلىك بىر نېمە ئۆگىنىپ كەل-دىڭ؟ سېنىڭ پۇقرالارنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۇرۇش ئو-چۇن ئويلاۋاتقان قانداق پىلانلىرىڭ بار، كۆپچىلىك ئاڭلاپ باقسا.

— دادا، — دەپتۇ شىر بالىسى جاۋاب بېرىپ، — ماڭا قىلغان ھىممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت. مەن ھېچقايسىڭلار بىل-





## كرىلوف مەسەللىرى

مەيدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىپ كەلدىم. سار، تۇرغۇيىسن تاز-تىپ بۆدۆنىگىچە بولغان ھەممە ئۇچار قاناتلار قانداق جايدا بېقىلسا ياخشى بولىدۇ، ئۇلار قانداق يېمەكلىكنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ قانداق خىللىرى بار، ھەرقايسىسىنىڭ تۇخۇمى قانداق بولىدۇ، قايسى قۇشقا نېمە لازىم دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن. مۇنۇ شاھادەتنامەمدىكى باھانى ئوقۇپ باقسىلا ! قۇشلارنىڭ مېنى ماختاشلىرى بىكار ئەمەس، مەن تېخى ئاسمانغا چىقىپ يۇلتۇزنىمۇ ئۈزۈپ چۈشمەكچى. ئەگەر سىلى مېنى دۆلەتنى باشقۇر دېسىلە، مەن ھازىرلا پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنى قۇش چاڭگىسى ياساشقا بۇيرۇيمەن.

شىر پادشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ «ئاھ» دەپلا قاپتۇ. باشقا ھايۋانلارمۇ ھەسرەتلىك تىنىشىپتۇ. ۋەزىر – ۋۇزرالار نومۇس قىلغىنىدىن يەرگە قارىشىپتۇ. ئىشنىڭ چاتاق بولغانلىقى ئېنىق تۇرمامدۇ، ئەمدى ياشانغان شىر پادشاھ پۇشايمان قىلسىمۇ نېمە پايدىسى. بالىسىنىڭ ئۆگەنگەنلىرى بىھۇدە نەرسىلەر ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ كاللىسى ئىشلەيدىغاندەك ئەمەس. ئەزەلدىن چوڭ ھايۋاناتلار دۇنياسىنى سوراپ كېلىۋاتقانلار ئۇچۇن ئۇچار قاناتلارنىڭ ئۆرپ – ئادىتىنى ئۆگىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ پادشاھ بولغۇچى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئەڭ چوڭ بىلىم — ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى چۈشىنىش، ئۆز ئېلىنى ئوڭۇشلۇق ئىدارە قىلىدىغان ھەممە نەرسىنى بىلىش.





# بوۋاي بىلەن ئالقاپ يىگىتلەر

ئاق كۆڭۈل بىر بوۋاي كۆچەت تىكىۋاتسا ئۈچ ئالقاپ يىگىت ئۇنى زاڭلىق قىپتۇ:

— ئۆي سالدىغان ئىشقا تۇتۇش قىلغان بولساڭغۇ ئۇنى چۈشىنىشلىك ئەھۋال دېسەك، ئەمدى ئۆمرۈڭ بىر يەرگە بارغاندا كۆچەت تىكىپ يۈرسەڭ، بۇنى نېمە دېگۈلۈك! بۇ كۆچىتىڭنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن ساڭا بىر ـ ئىككى يۈز يىل ئۆمۈر كېرەك. سەن ئۆزۈڭنى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك چاغلامسەن! بوۋاي، بۇ ئىشىڭدىن ۋاز كەچسەڭ بولمامدۇ؟ مۇنداق ئۇزۇن يىلدا ئۇنۇم بېرىدىغان ئىش ساڭا مۇۋاپىق ئەمەس. ھېلىمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن، خېلى ياشاپسەن. بۇ ئىشنى سېنىڭ ئورنۇڭدا بىز قىلغان بولساق باشقا گەپ ئىدى، چۈنكى بىز ياش، قاۋۇل، ياشايدىغان كۈنلىرىمىز تېخى ئۇزۇن، ئىستىقبالىمىزمۇ پارلاق، لېكىن سېنىڭ، ھەي بىچارە بوۋاي، ھازىر بىر پۇتۇڭ گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى ـ دە!

— دوستلىرىم، — دەپتۇ بوۋاي (ئۇنىڭ ئاۋازىدىن كەمتەرلىك ۋە مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىكەن)، — مەن كىچىككىمدىن تارتىپلا ئەمگەك قىلىپ ئۆگەنگەن، قىلىۋاتقان ئىشىمنى ئوبدان ئىش دەپ قارايمەن. ئەگەر مەن ئۆز مەنپەئىتىم ئۈچۈنلا ئىشلىسەم ياخشى بولامدۇ، ئوبدان ئادەم باشقىلار ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك. مەن مۇشۇ كۆچەتنى تىكىۋاتقان ۋاقتىمدا ماڭا بىرلا نەرسە تەسەللى بېرىدۇ، ئۇ ئۆسۈپ باراقسان بولغان چاغدا، مەن چوقۇم بۇ دۇنيادا بولمايمەن، لېكىن مېنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىم ئۇنىڭ ئاستىدا سايىداپ ئارام





# كرىلوف مەسەللىرى

ئالسا، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە ئەمەسمۇ! ئۆزۈڭ ئۆسكەنگە تەقدىرنىڭ ھۆكمىگە ئالدىن بىر نىمە دېمەك تەس، ئارىمىزدا قايسىمىزنىڭ ئۆمرى ئەڭ ئۇزۇن بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. بىر ياشلىقنىڭ كۈچى، قاۋۇللۇقنىڭ شاراپىتى بىلەن، ئەزرائىلنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىنمۇ؟ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە مېنىڭ ئالدىمدا قانچىلىغان چىرايلىق، ئوماق قىزلار، قانچىلىغان كېلىشكەن، قاۋۇل يىگىتلەر ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلمىدى دەيسەن؟ ئۇلارنى شۇنداق بولار دەپ كىم ئويلىغان؟ تېخى سىلەرنىڭ ئەجىلىڭلار پۈتۈپ قالدىمۇ، زېمىن ئۆزىنىڭ نەم ۋە سوغۇق قوينىغا ئالدى بىلەن مېنى ئەمەس، تېخى سىلەرنى ئالامدۇ، كىم بىلىدۇ.

كېيىنكى ئىشلار خۇددى بوۋاينىڭ ئېيتقىنىدەك بوپتۇ. ئالىقاپ يىگىتلەرنىڭ بىرى پۇل تېپىش ئۈچۈن دېڭىز سودىسىغا كىرىشكەنىكەن. دەسلەپتە ئۇنىڭ تەۋەككۇلچىلىكى ئامىتىنىڭ نۇرىنى چاقناندەكمۇ قىپتۇ، كېيىن كېمە دەھشەتلىك بورانغا يولۇقۇپتۇ. چەكسىز دېڭىز سۇنۇق كېمە ۋە ۋەيرانە ئۈمىدنى بىراقلا قوشۇپ غەرق قىلىۋېتىپتۇ. ئىككىنچى ئالدقاپ يىگىت ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن، ئۇ يەردە ئۆزىگە ھەر خىل ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇپتۇ، ئىپلاسچىلىق، بۇزۇقچىلىق ئاۋۋال ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى توگىتىپتۇ، ئاندىن جېنىنى ئاپتۇ. ئالىقاپلارنىڭ ئۈچىنچىسى تومۇز ئىسسىقتا مۇز يەپ قويغان باھانە بىلەن ئاغرىپ قاپتۇ، ئاغىنىلىرى دوختۇر ئەكىلىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ، ھالبۇكى دوختۇر ئۇنى ئۆز قولى بىلەن يەرلىككە ئۇزىتىپتۇ. ئۇ ئۈچەيلەننىڭ قازا بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل بوۋىيمىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ قاتتىق يىغلاپتۇ.





www.uyghurkitap.com

# كۆچەت

بىر كىشى پالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئورماننىڭ ئىچىگە كېتىۋاتقانىكەن، بىر كۆچەت ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي رەھىمدىل ئادەم، سەن مۇشۇ دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىۋەتسەڭ، مەن شۇنداق قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇلار ئەركىن راۋاج تېپىشىمغا يول قويمايدۇ، ئۇلارنىڭ دەستىدىن قۇياشنىڭ تەپتىنى تولۇق ئالالمايمەن. ئەتراپىمغا يىلتىز تارتاي دېسەم ئالىقانچىلىكمۇ يەر قالمىدى، ھەتتا قېشىمغا شامالمۇ كېلەلمەيدۇ، بۇ دەرەخلەر بېشىمغا توردەك يېيىلىپلاۋالدى. ئەگەر ئۇلار توسقۇنلۇق قىلمىغان بولسا، مەن ئەركىن ئۆسەلىگەن بولسام، بىر يىل ئىچىدىلا بۇ ماكاننىڭ شان - شەرىپى ۋە غۇرۇرى بولۇپ قالغان بولاتتىم؛ دوستاندلىكىمنىڭ سايىسى مۇشۇ جىرانىڭ ھەممە يېرىگە چۈشكەن بولاتتى. ھالبۇكى، ھازىرقى ئەھۋالىم مۇشۇ. قارىغىنا، مەنمۇ بىر دەرەخقۇ، مانا مۇشۇ پاكار بويۇم بىلەن تۇرۇپتىمەن.

ھېلىقى كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا دوستانە ياردەم قىلماقچى بوپتۇ - دە، قىلچە ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا كۆچەتنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنى پالتىسى بىلەن چېپىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا ئازادە بىر ئوچۇقچىلىقنى پەيدا قىلىپ بېرىپتۇ.

ھەي بىچارە كۆچەت! ئۇنىڭ غەلىبىسى ئۇزۇنغا بېرىشى مۇمكىنمۇ. دەسلەپ تومۇز ئىسسىق ئۇنىڭ سۈيىنى قۇرۇتۇپ-



تۇ، ئاندىن قارا يامغۇر، مۆلدۈر ئۇنىڭغا ھۇجۇم باشلاپتۇ، ئا-
خىر دەھشەتلىك بوران ئۇنىڭ شاخلىرىنى يېرىپ، ئۆزىنى بې-
لىدىن سۇندۇرۇپ يەرگە چاپلىۋېتىپتۇ. شۇ ئارىدا بۇ كۈلچەتكە
بىر يىلاننىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— ھەي ھاماقەت ! ئۆزۈڭنىڭ بېشىنى ئۆزۈڭ يېدىڭ.
ئەگەر سەن دەرەخلەرنىڭ مېھرلىك سايىسىدە پەرۋىش تاپقان
بولساڭ، مەيلى تومۇز ئىسسىقمۇ، قارا بورانمۇ سېنى بۇ
ئەھۋالغا چۈشۈرەلمىگەن بولاتتى؛ چوڭ دەرەخلەر سېنى
قوغدايتتى. ئۇ دەرەخلەر ياشايدىغىنىنى ياشاپ پۈتۈنلەي تۈگى-
گەن چاغدا نۆۋەت ساڭا كېلەتتى، سەنمۇ ئاشۇلاردەك يوغىناپ،
ئۆزۈڭ زامان چېنىقىپ بەردەم ھالغا يەتكەندە، بۇگۈنكىدەك
بالايىئاپەتكىمۇ يولۇقمايتتىڭ، ھەرقانچە دەھشەتلىك بورانمۇ
سېنى ھېچنېمە قىلالمايتتى، بۇرۇتۇڭ تەۋرىمەي ياشاۋېرەت-
تىڭ.





# غاز

بىر سەھرالىق كىشى بىرنەچچە توپ غازنى ئالدىغا سېلىپ شەھەرگە ساتقىلى ئەكېتىۋاتقانىكەن. راست گەپنى قىلىش كېرەك، ئۇ غازلىرىنى شۇنداق ئالدىرىتىپ ماڭغۇزۇپتۇكى، كۆڭلىدە ئۇلارنى ئاياش دېگەن نەرسە يوق ئىكەن. چۈنكى، ئۇ بازارغا كېچىكىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تۇرغاندا، ھېلىغۇ غاز ئىكەن، دوستلىرىنىمۇ رىيازەت چەكتۈرۈشى مۇمكىنغۇ.

مېنىڭغۇ ئۇ سەھرالىق كىشىنى ئەيىبلەش غەرىزىم يوق، لېكىن غازلار ماڭا ئوخشىمايدۇ ـ دە. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قاراشلىرى بار، يولدا بىر كىشى ئۇچرىغانىكەن، غازلار ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپتۇ:

— ماۋۇ پېشكەلچىلىكنى قاراڭ، دۇنيادا بىزگە ئوخشاش جاپادا قالغان غازلارمۇ بارمىدۇ؟ يا يولدا ئارامخۇدا ماڭالمساق، بىزمۇ ئادەتتىكى غازلارغا ئوخشاش، ئۇ ھە دېسىلا بىزنى ئالدىرىتىپ يۇگۈرتۈپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ نادان ئادەم بىزنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەش كېرەكلىكىنى بىلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. بىزنىڭ

---

* كرىلوف بىر نەسرىدە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭچە ئاق كۆڭۈل، ھالال پۇقرالار ۋە ساددا، سەمىمىي دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ قايسىبىر زامانلاردىكى ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن ماختىنىدىغانلاردىن كۆپ يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۇ تۆرە ـ غوجاملارنىڭ ئېسىل نەسەبلىكلەرنىڭ پۇشتى بولۇپ قالغاندىن باشقا، ھېچبىر ئالاھىدە يېرى يوق. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دەرەخكە ئوخشاش ئائىلىسىنى چېچەك ئاچمايدىغان، مېۋە بەرمەيدىغان نۇرغۇن شاخلار بىلەن بېزىگەندىن باشقا، ۋەتەنگە ھېچقانداق پايدا ـ نەپ كەلتۈرمىگەن». بىز بۇ يەردە بۇ سۆزنى بۇ مەسەل ئۈچۈن ئېپىگراف ياكى ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىشنى لايىق تاپتۇق.





# كىرىلوف مەسەللىرى

ئىسپاتىمىز بار، بىز ئىپسىلزادە غازلارنىڭ قوۋمى، رىم شەھىرىنى قۇتۇلدۇرغان بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەمەسمۇ. رىم ئۇلارنىڭ نامى - زاتىنى تا ھازىرغىچە تەنتەنىلىك خاتىرىلەپ تۇرىدۇ.

— لېكىن، سىلەرنىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ يولۇچى، — سىلەرنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان نەرىڭلار بار؟

— بولمامدىغان، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز...

— راست، راست، بۇنى بىلىمەن. مەن كىتابلاردىن ئوقۇغان، لېكىن سىلەر دەپ بېقىڭلارچۇ، ئۆزۈڭلارنىڭ قىلغان قانداق ئالاھىدە ئىشىڭلار بار؟

— بار بولمايچۇ، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز، رىمدا...

— لېكىن، ئۆزۈڭلارنىڭ قىلغان بىرەر ئاشۇنداق تۆھپەڭلار بارمۇ؟

— بىز ھېچقانداق ئىش قىلمىدۇق.

— ئۇنداقتا، كېرىلىپ كەتكۈچىلىك ھېچنېمەڭلار يوق ئىكەنغۇ. ئاتا - بوۋاڭلارنى پەش قىلىۋەرمەڭلار. شەرەپ پەقەت ئاشۇلارغىلا مەنسۇپ، سىلەرنى ئادەملەر پەقەت ئالما مۇرابباسىغا مىلەپ يەۋەتسىلا بولغۇدەك!

※ ※

مەن گەپنى بۇنىڭدىنمۇ ئوچۇقراق دېسەم بولاتتى، بىراق غازلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويۇشتىن قورقتۇم.





# توڭگۇز

بىر توڭگۇز ئاقسۆڭەكنىڭ ھويلىسىغا كىرىپتۇ، قاچا - قۇچىلارنى يۇيىدىغان يەرلەرگە قاراپتۇ، ئاتخانىغا كۆز تاشلاپتۇ، قىغلارغا ۋە پاتقاققا مىلىنىپتۇ، پاسكىنا كۆلچەكتە ئويناپتۇ، ئاخىر خېلى پۇخادىن چىقىپ، گىدەيگەن ھالدا قوتىنىغا قايتىپ كەپتۇ.

— ھەي توڭگۇز، سەن ئۇ ھويلىدا نېمىلەرنى كۆردۈڭ، — سوراپتۇ بىر سەھرالىق ئۇنىڭدىن، — ئۇ يەردە ناھايىتى نۇرغۇن، بىر - بىردىن ئېسىل نەرسىلەر بارمىشقۇ، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق دەيدىغۇ؟

— قويە ئۇنداق گەپنى! ئۇلار يوقىلاڭ گەپنى قىلىپتۇ، — دەپتۇ توڭگۇز خارتىلداپ تۇرۇپ، — مېنىڭ كۆزۈمگە ھېچبىر ئالاھىدە نەرسە كۆرۈنگىنى يوق، ئەخلەت ۋە قىغ دۆۋىلىرىلا بار ئىكەن. مەن بۇرنۇمنى ئاياپ ئولتۇرماي، پۈتۈن ئارقا ھويلىنى ئاختۇرۇپ چىقتىم.

※ ※

قايسى گېپىم بىلەن خەقنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغانلىقىمنى خۇدا بىلىدۇ، دەپ بېقىڭلارچۇ، ھەرقانداق نەرسىگە باھا بەرگەندە ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى كۆرمەي، پەقەت يېتەرسىز تەرەپلىرىنىلا كۆرگەن تەنقىدچىنى توڭگۇز دېمەي نېمە دېگۈلۈك؟

---

* بۇ مەسەل بەزى تەنقىدچىلەرنىڭ كرىلوفقا قىلغان ۋەھشىي ۋە ئەخمىقانە ھۇجۇمىدىن كېيىن يېزىلغان. كرىلوف ئۇلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يازمىغان.





ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com

# چۈشىن بىلەن پەيتۇن

يەتتىنچى ئاي ۋاقىتلىرى، بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا تازا قىزىۋاتقان مەزگىلدە، ئاقسۆڭەك ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-سىدىكىلەر پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ قۇم - توپىلىق دۆڭلۈكتە كې-تىۋاتقانىكەن. پەيتۇن ناھايىتى ئاستا مېڭىۋاتقاچقا، پەيتۇنچى ھېرىپ - چارچىغان ئاتلارنى ئۇرۇپتۇ، لېكىن پەيتۇن تېخىمۇ قوزغىلالماي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پەيتۇندىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ، ئاتلارنى تېخىمۇ ئازابلاپتۇ، ئاقسۆڭەكنىڭ مالىيىمۇ ياردەمگە كەپتۇ، لېكىن پەيتۇننى بىر غېرىچمۇ ئالدىغا ئىلگىرىلەتكىلى بولماپتۇ. ئاقسۆڭەك، ئۇنىڭ خوتۇنى، قىزى، ئوغلى ۋە ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى — ھەممىسى پەيتۇندىن چۈشۈپتۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن پەيتۇن ئانچە يەڭگىللەپ كەتمەپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئاتلار ئاخىر پەيتۇننى جا-يىدىن قوزغاپتۇ ۋە دۆڭگە قاراپ تولىمۇ ئاستا سۆرەپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بىر چىۋىن ئۇچۇپ كەپتۇ - دە، بۇ ئىش-قا مەن بولمىسام بولمايدىكەن دەپ، ئۇلارغا قالتىس بىر يادەم قىلىۋەتمەكچى بوپتۇ، ئۆزىچە كۈچەپ ۋىڭىلداپ پەيتۇننىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ بېقىپتۇ، ئوڭ تەرەپتىكى ئاتنى پاراكەندە قىلىپ بېقىپتۇ، يەنە بىر ئاتنىڭ پېشانىسىنى چې-قىپمۇ بېقىپتۇ، ئاخىر چار بازارچىدەك ئۇيان يورغىلاپ، بۇيان يورغىلاپ ھېچ ئىش ھاسىل قىلالمىغاندىن كېيىن، ھارۋىدا ئولتۇرغانلار ئۆزلىرى قىلمىسۇنمۇ دەپ، پەيتۇنچىنىڭ ئورنىغا بىرىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ، ئاندىن ئۆزىچە نېمىشقا بۇ ئىشقا ھېچ-



كىم ياردەم قىلمايدۇ، ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، دەپ غودۇڭشىپتۇ.

بۇ چاغدا، پەيتۇننىڭ كەينىدىن چاكارلار پاراڭ سېلىشىپ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بىلەن خان قىزمۇ پەس ئاۋازدا چاقچاقلىشىپ كېلىشىۋاتقانىكەن. بۇلارغا يول كۆرسىتىشكە تېگىشلىك ئاقسۆڭەكمۇ ئۆزىنىڭ ئايال چاكىرى بىلەن ئورمانغا موگۇ تېرىشكە كىرىپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، چىۋىن ئۇلارغا شۇ تاپتا مەن ئۆزۈم يالغۇزلا كۈچەۋاتىمەن، دەپ قايناپ كېتىپتۇ.

شۇ ئەسنادا، ئاتلار ئېغىر پەيتۇننى سۆرەپ، مۇشەققەتلىك قەدەملىرى بىلەن ئاستا - ئاستا تۈز يولغا چىقىپتۇ.

— مانا ئەمدى ئوبدان بولدى ! — دەپ ۋارقىراپتۇ چىۋىن، — ماڭا ئاخىر خۇدا ياردەم قىلدى ! قېنى كۆپچىلىك، پەيتۇنغا چىقىڭلار، ئاقيول بولسۇن ! خۇدا، ئەمدىغۇ ئارام ئالسام بولار ! يەنە بىر ئاز كۈچىگەن بولسام چوقۇم ئۆلۈپ قالغان بولاتتىم.

※ ※

شۇنداقمۇ غەلىتە كىشىلەر بار، ئۇلار ھەرقانداق ئىشقا ئۆزلىرى قول تىقىش كېرەكتەك ھېس قىلىدۇ، ھېچكىم ئۇلارغا بىرنېمە دېمىسىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىچە ئارىلىشىپ يېتىم ئاقساقاللىق قىلىپ كېتىدۇ. بىز دۇنيادا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئازراق بولۇشىنى نەقەدەر خالايمىز - ھە !





# بۈركۈت بىلەن ئۆمۈچۈك

بۈركۈت كاۋكاز تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا كۆتۈرۈلۈپ، تىنىق ئاسماندا پەرۋاز قىپتۇ، ئاندىن تاغ ئۈستىدىكى قېرى شەمشادقا قونۇپ، پەسكە نەزەر تاشلاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى بۇ يەردە جاھاننىڭ چېتىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ. بۇ چاغدا، يىراقتا ئەگرى - بۈگرى ئېقىن ئوتلاقنى كېسىپ ئېقىۋاتقان، سەل يېقىنراق يەردە پايانسىز ئورمان ۋە يايلاق باھار پەيزىنى سۈرۈۋاتقان، ناھايىتى يىراقتا ئىچكى دېڭىز شىددەتلىك دولقۇنلىنىۋاتقانىكەن، جاھاننىڭ ئېتىكىدە ئېقىۋاتقان ئۇ دېڭىز يىراقتىن خۇددى قارا قاغىنىڭ قانىتىدەك كۆرۈنىدىكەن.

— ئېھ، پۈتكۈل ئالەمنى ئىختىيار ئىلكىدە تۇتۇۋاتقان زېۋۇس، — دەپتۇ بۈركۈت خىتاب قىلىپ، پۈتكۈل مەخلۇقاتۇ مەۋجۇدات سېنىڭ پاراستىڭگە ئاپىرىن - تەھسىن ئوقۇيدۇ. سەن مېنى شۇنداق كۈچلۈك قاناتقا ئىگە قىپسەنكى، مەن قانچىلىك ئېگىز بولسىمۇ ئۆرلىيەلەيمەن. مېنى سەن ئادەتتىكى ئۇچار - قاناتلارمۇ چىقالمايدىغان يەرگە چىقىپ، پۈتكۈل جاھاننىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرەلەيدىغان قۇدرەتكە نائىل قىلغانلىقىڭغا شۈكرى.

— ياپىر، دۇنيادا بۇنىڭدەكمۇ پوچى بارمىدۇ، — دەپتۇ شۇ چاغدا دەرەخ شېخىدا ئولتۇرغان بىر ئۆمۈچۈك، — ھەي بۇرادەر! مەنمۇ بۇ يەردە سەندىن تۆۋەن ئولتۇرغىنىم يوقۇ مانا! ئەلۋەتتە، ماڭا تەن بېرىشىڭ كېرەك - دە.







# كرىلوف مەسەللىرى

بۈركۈت شۇنداق قارىسا بىر ئۆمۈچۈك تۇرغان ئۇ ھە-دېسە ئۇياقتىن - بۇياققا سەكرەپ، خۇددى قۇياشنىڭ نۇرىنى توسۇۋالغۇسى كەلگەندەك قويۇق، چوڭ بىر تور توقۇۋاتقاندەك.

— ۋاي سەنمىدىڭ؟ دەپتۇ بۈركۈت، — بۇ يەرگە قانداق چىقىۋالدىڭ؟ كۈچلۈك قاناتلىرى بىلەن خېلى يەرلەرگە چىقىپ كېتەلەيدىغانلارمۇ بۇ يەرگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. سېنىڭ قانىتىڭ بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاجىز تۇرساڭ، توۋا، ئۆمىلەپ چىقمىغانسەن؟

— ئۆمىلەپ چىققىلى بولامدىغان؟

— ئەمىسە، دەپ باققىنا، سەن زادى قانداق چىقتىڭ؟

— قارىمامسەن، تورلىرىم ساڭا يېپىشىپ تۇرمامدۇ، مەن قۇيرۇقۇڭغا ئولتۇرۇۋالغان، مېنى سەن ئاچىقتىڭ. لېكىن، ئەمدى ماڭا سېنىڭ ياردىمىڭ بىھاجەت. مەن راۋۇرۇس پۇت دەسسەپ تۇرۇۋالدىم. شۇڭا، سەن ماڭا گەپ قىلغاندا، ھۆرمەت-نى ساقلاپراق گەپ قىلساڭ بولىدۇ. شۇنى بىلىشىڭ كېرەك-كى، مەن... — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە تۇيۇقسىز بوران چىقىپتۇ - دە، بىزنىڭ بۇ پوچى ئاغىنىمىزنى بىراقلا ئۇچۇرۇپ ھاڭغا تاشلىۋېتىپتۇ.

سىز ھېس قىلغانمۇ، دەل ئاشۇ ئۆمۈچۈككە ئوخشاش بە-زى چەرەندە - پەرەندىلەر بار. ئۇلار بەك دىتسىز ۋە نادان بولسىمۇ، لېكىن بەزى كاتتا ئەربابلارنىڭ شاراپىتىدىن يۇقىرى ئورۇنلارغا چىقىۋالغان. ئۇلار خۇددى ئۆزلىرىنى بۈركۈتتىنمۇ ئارتۇق كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغاندەك ھېس قىلىپ، بەك گىدىيىشىپ كېتىدۇ. ۋەھالەنكى، بىرلا بوران چىقسا، ئۇلار خۇددى تور - پورلىرى بىلەن بىراقلا ھاڭغا ئۇچۇپ چۈشۈپ كەتكەن ئۆمۈچۈكتەك ئاقىۋەتكە ئۇچرايدۇ.





# ئانا كېيىك بىلەن زاھىت

چىرايلىق، ياش بىر كېيىكنىڭ ئوماق بالىسى ئۆلۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ سۈتى كۆپىيىپ، يېلىنى چىڭقىلىپ كەتكەچكە، ئورماندىن ئىككى بۆرە تاشلاندى كۈچۈكىنى تېپىپ، ئۇلارنى ئانىلىق مېھرى بىلەن ئېمىتىپتۇ.

ئورماندا ياشاۋاتقان بىر زاھىت ئانا كېيىكنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيران قالغان ھالدا دەپتۇ:

— ۋۇي، بۇ نېمە ئىش؟ سەن ئانىلىق مېھرىڭنى كىمگە بېرىۋاتىسەن؟ يۈرەك قېنىڭنى قاراپ تۇرۇپ ئەسكى بىر نېمىلەرگە سەرپ قىلىۋاتىسەنغۇ؟ بۇ نېمىلەردىن قانچىلىك تەشەككۈرگە ئېرىشىپ كېتەرسەن؟ بەلكىم (سەن بۇ تائىپىنىڭ ۋەھشىي ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكىڭ مۇمكىن) ئۇلار بېشىڭغا چىقىشى مۇمكىنغۇ!؟

— بۇنى كىم بىلىدۇ، — دەپتۇ ئانا كېيىك، — بەلكىم سەن دېگەندەك بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن مەن بۇنى ئويلىمىدىم، ئويلاشنىمۇ خالىمايمەن. ئانا دېگەننىڭ بەختى مۇشۇ، ئەگەر مەن بۇ بۆرە كۈچۈكلىرىنى ئەمدۈرمىسەم، يېلىنىمدىكى سۈت مېنى قاتتىق ئازابلايدۇ.

※ ※

تۇغما رەھىمدىل ئادەملەر دائىم مۇشۇنداق قىزغىنلىق بىلەن غەرەزسىز ئەجىر قىلىدۇ، يوقسۇللار بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولمىغان بايلىق ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئازابلايدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىگى تورى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# كۈچۈك

بەكمۇ ئەدەپسىز بىر كۈچۈك بار ئىكەن، ئىگىسى ئۇنىڭغا ئوبدان قارايدىكەن، كۈچۈكنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكتىن پەقەت غېمى يوق ئىكەن، ئەگەر باشقا ئىتلار مۇنداق ياخشى يېمەكلىك شارائىتىغا ئىگە بولغان بولسا، چوقۇم قانائەت ھاسىل قىلىپ، مەڭگۈ ئوغرىلىق قىلمىغان بولاتتىكەن! بىراق، بۇ كۈچۈك ئۆز رىزقىدىن تاشقىرى ھەر قانداق نەرسىنى نېرى تۇر دېمەيدىكەن، ئىمكانىيەت يار بەرسىلا ھەرخىل گۆشلەرنى تالىشىپ يەۋالىدىكەن.

ئىگىسى ھەر خىل ئاماللارنى ئىشلىتىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىللىتىنى تۈزىتەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىر ئاغىنىسى بۇ ئىشقا كاللا قاتۇرۇپ، سىناپ باققۇچىلىكى بار مۇنداق بىر ئامالنى كۆرسىتىپتۇ:

— ماڭا قارا، بۇرادەر، سەن ئۆزۈڭنى خېلى جىق ئاماللارنى قىلىپ باقتىم دېگىنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئىللىتىنى يوقىتالمىدىڭ، بەلكى تېخىمۇ يوغىنىتىۋەتتىڭ. چۈنكى، سەن ئۇ يالاپ قويغان گۆشنى ئۆزىگە پاك ـ پاكىز يېگۈزۈۋېتىسەن. بۇنىڭغا ئامال قىلىش كېرەك، ئۇرۇش كېرەك (لېكىن قاتتىق ئۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك)، بىراق بىر نۇقتىنى ھەرگىز ئۇنتۇما: چوقۇم سۆڭەكنى ئېلىۋېلىشىڭ كېرەك.

ئىگىسى بۇ چارىنىڭ ھەقىقەتەن ئاقىلانە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چاغدا، كۈچۈكمۇ ئىللىتىنى تۈزىتىۋاپتۇ.



# بۆركۆت بىلەن قارىغۇ چاشقان

تۆۋەندىكىلەر بەرگەن مەسلىھەتنى مەنسىتمەسلىك نادانلىق. ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قانداق مەسلىھەت كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئويلاش كېرەك.

※ ※

بۆركۆت پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ خانىشى يىراق جايلاردىن ئادەم ئايىغى تەگمىگەن بىر ئورمانلىققا كەپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە ماكانلاشماقچى بولۇپ، بۈك - باراقسان ئۆسكەن ئېگىز، يوغان كاۋچۇك دەرىخىنىڭ ئۈستىگە ئۇۋا ياساشقا باشلاپتۇ. قارىغۇ چاشقان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يۈرەكلىك ھالدا بۆركۆت پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ كاۋچۇك دەرىخى بەك خەتەرلىك، بۇنىڭ يىلتىزى چىرىپ بولغان، ھامان بىر كۈنى ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپى بار، ياخشىسى بۇ يەردە تۇرماڭلار.

— قانداق دېگەن غەلىتە گەپ بۇ ! بۆركۆت سىپايە قارىغۇ چاشقاننىڭ، ھەر قاچان تۆشۈكىدىن چىقمايدىغان ئاشۇ قارىغۇ چاشقاننىڭ گېپى بىلەن ئىش تۇتۇشى كېرەكمۇ؟ ئەجەبا ئۇ بۆركۆتنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر ئىكەنلىكىگە تەن بەرمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ قۇشلار پادىشاھىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقۇدەك ئۆزى قانچىلىك نېمىكەن زادى؟

بۆركۆت پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىنى مەنسىتمىگەچكە، كۆپ سۆزلىشىپ ئولتۇرمايلا ئۇۋىنى ياساپ پۈتتۈرۈپ، ئائىلىسىدى-



# كىرىلوف مەسەللىرى

كىلەرنى شۇ كۈنىلا كۆچۈرۈپ كىرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بۈركۈت خانىش پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ھەممە ئىش ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، ئوماق بۈركۈت باللىرى تۇغۇلۇپتۇ.

بىر كۈنى ئەتىگىنى، قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغدا، بۈركۈت پادىشاھ ئۆيىدىكىلەرگە مول يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ شىكاردىن يېنىپتۇ. ئۇ ئاسماننىڭ قەھرىدىن پەسكە شۇڭغۇپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى كاۋچۇك دەرىخى بىراقلا غۇلاپ چۈشكەن، خانىشى، باللىرىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن. بۇنى كۆرۈپ بۈركۈت پادىشاھ قاتتىق ھەسرەتتە قاپتۇ.

— ئاھ، مەن نېمىدېگەن بەختسىز! — دەپتۇ ئۇ يىغلاپ، — ياخشى مەسلىھەتنى قۇلىقىمدا تۇتمىغانلىقىم ئۈچۈن، تەقدىر ھاكاۋۇرلۇقۇمغا يارىشا ماڭا مۇشۇنداق قاتتىق جازا بەردى. بىر قارىغۇ چاشقاننىڭ مۇنچىلىك توغرا مەسلىھەت كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىكەنمەن، بۇنىڭغا توۋا دېمەي نېمە دېگۈلۈك!؟

— ھەممىسى سىنىڭ مېنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىڭدىن بولدى، — دەپتۇ قارىغۇ چاشقان، — سەن ئويلىمىدىڭكى، مەن يەر ئاستىدا تۆشۈك كولاپ يۈرىمەن، شۇڭا يىلتىزلار بىلەن بەك يېقىن تۇرىمەن، دەرەخنىڭ ياخشى - يامىنىنى مەندىنمۇ ئېنىق بىلىدىغان كىم بار دەيسەن.







# تۆت سازەندە

بەڭۋاش مايمۇن، چۇپۇر ئۆچكە، قاشاڭ ئېشەك ۋە كالامپاي ئېيىق تۆتى بىرلىشىپ كاتتا بىر نەغمىنى ئورۇندىماقچى بوپتۇ. ئۇلار نوتىنى، سازلاردىن ئارا ئىسكىرىپكا، كىچىك ئىسكىرىپكا ۋە ئىككى چوڭ ئىسكىرىپكىنى ئەكېلىپ، پىكۇس دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى چۆپلۈكتە ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇزىكا سەنئىتى بىلەن دۇنيانى تاڭ قالدۇرماقچى ئىكەن. ئۇلار ئىسكىرىپكىلىرىنى غىڭشىتىپ شۇنداق قالايمىقان چالغىلى تۇرۇپتۇكى، ئۇلارنىڭ زادى نېمە چالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى زادىلا ئۇققىلى بولماپتۇ.

— قېرىنداشلار، چېلىشنى توختىتايلى، — دەپتۇ مايمۇن، — مۇنداق چالساق قاملاشمايدۇ، سىلەر ئەقەللىيسى ئورۇننىمۇ رۇسلاپ ئولتۇرمىدىڭلار. ئېيىق، سەن چوڭ ئىسكىرىپكىنى چېلىۋاتقاندىكىن، ئارا ئىسكىرىپكىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇشۇڭ كېرەك، بىرىنچى ئىسكىرىپكا ئىككىنچى ئىسكىرىپكىنىڭ ئۇدۇلىدا بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق قىلساق، قاراپ تۇرۇڭلار، مۇزىكىمىزنى هازىرقىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان قىلىپ چالالايمىز. تاغ چوققىلىرى، ئورمانلارمۇ هاياجانلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئۇلار ئورۇنلىرىنى يۆتكىشىپ چېلىپ باققانىكەن، مۇزىكا يەنىلا ياخشى چىقماپتۇ.

— هەي، هەي، توختاڭلار، — دەپتۇ قاشاڭ ئېشەك، — ئەمدى مەن ئېپىنى تاپتىم، بىز بىر سەپ بولۇپ ئولتۇرساق





## كرىلوف مەسەللىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياخشى چالغۇدەكمىز.

ئۇلار ئىشەكنىڭ دېگىنى بويىچە بىر سەپ بولۇپ ئولتۇ-رۇپمۇ بېقىپتۇ، لېكىن مۇزىكا قاملىشىپتىمۇ؟ قاملاشمىپتۇ. قاملاشمايلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قانداق ئولتۇرۇش، نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئولتۇرۇش توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ، ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىنى ئاڭلاپ بۇلبۇل يېتىپ كەپتۇ. ھېلىقى تۆتەيلەن ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— سەن بىزنى بىر يېتەكلەپ قويساڭ، بىز تۆتەيلەن بىر نەغمە قىلايلى دېۋىدۇق، زادىلا قاملاشتۇرالمىدۇق. بىزنىڭ نوتىمىزمۇ بار، سازلىرىمىزمۇ بار، بىزگە زادى قانداق ئولتۇرساق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسەڭلا بولدى!

— سىلەر كۆڭۈلدىكىدەك نەغمە قىلىمىز دېسەڭلار، — دەپتۇ بۇلبۇل، — چوقۇم مۇزىكا چېلىش ماھارىتىنى ئىگىلىشىڭلار كېرەك، قانداق ئولتۇرۇشنى بىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ ئاڭلاش سېزىمىڭلارمۇ جايىدا ئەمەس ئىكەن، ئولتۇرۇشۇڭلارنى ئۆزگەرتسەڭلارمۇ، ئىسكرىپكاڭلارنى ئالماشتۇرساڭلارمۇ، بەرىبىر سىلەر خورغا يارىمايسىلەر.



# يوپۇرماق بىلەن يىلتىز

ھاۋا ئوچۇق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، دەرەخلەر جىلغىدا سايە تاشلاپ تۇرغانىكەن. بىر دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى مەيىن شامالغا پىچىرلاپ، ئۆزلىرىنىڭ قويۇق، يېشىل ئۆسكەنلىكىدىن ماختىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ شامالغا دېگەن سۆزلىرى ئومۇمەن مۇنداق ئىكەن:

— جىلغىنىڭ ئاستى ـ ئۈستىدە كىممۇ بىزنىڭكىدەك چىرايلىق مەنزىرىنى تاپالايدۇ؟ دەرەخنى بۈك ـ باراقسان، سەلتەنەتلىك ۋە يېشىل سايىۋەندەك قىلغان پۈتۈنلەي بىز؛ بىزسىز دەرەخ نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ماختىنىشىمىز ھەرگىز گۇناھ ھېسابلانماس؟ تومۇزنىڭ چىڭقى چۈش مەزگىللىرىدە ھەممە خەقنى ئامراق قىلىدىغانلارمۇ بىز، يولۇچىلارنىڭ بېشىغا سايىۋەن بولۇپ سالقىنلىق بېغىشلايدىغانلارمۇ بىز. يېزا قىزلىرىنى چىمەنلىككە ئەكىلىپ ئۇسسۇلغا سالغان بىزنىڭ ئىلھامبەخش گۈزەللىكىمىز؛ ھەر كۈنى قۇياش چىققاندا ۋە پاتقاندا بۇلبۇلنىڭ ناخشا ئېيتىدىغان سەھنىسىمۇ بىزنىڭ قوينىمىز. سەن ئۆزۈڭمۇ بىز بىلەن بىللە ئويناشقا ئامراققۇ؟

— ماڭا بىر ئېغىز بولسىمۇ رەھمەت دەپ قويۇشقا چولاڭلار تېگىپ قالسۇن، — يەرنىڭ تېگىدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئېيتىلغان بوش بىر ئاۋاز ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى بۆلۈپتۇ.

— قايسى ئەدەپسىز ئۇ، ئىزا تارتماي بىلجىرلاۋاتقان؟





## كرىلوف مەسەللىرى

ھىم، تېخى ئۆزىچە ئاتىكارچىلىق قىلىپ يورۇتىسىنى قىلار بۇ-نىڭ! مۇنچە كۆرەڭلەپ گەپ قىلىۋاتقان سەن زادى كىم — دەپتۇ يوپۇرماقلار شىرىقشىپ تۇرۇپ.

— بىز كۆن نۇرى كۆرمەيدىغان يەرنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ سىلەرنى پەرۋىش قىلىۋاتقان يىلتىزلار. ئەجەبا بىزنى بىلمەمسىلەر؟ بىز سىلەر بار دەرەخنىڭ يىلتىزلىرىغۇ. سىلەر ھەرقانچە ماختانساڭلارمۇ بىر ياز ماختىنىۋالارسىلەر، بىراق ئىسسىقلاردا بولسۇنكى، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىش مۇنداق: يەنە بىر ئەتىياز كەلگەن چاغدا يېڭى يوپۇرماقلار چىقىشى تۇرغان گەپ، بىراق بىز قۇرۇپ كەتسەك دەرەخ تۈگىشىدۇ، سىلەر — يوپۇرماقلارمۇ بىراق تۈگەيسىلەر.



# بۆرە بىلەن تۇلكە

بىز كېرەكسىز نەرسىلەر بىلەن ئادەمگەرچىلىك قىلىشقا ناھايىتى مەرد ۋە كەڭ قورساق كېلىمىز. مەن بۇنىڭدىن بىر مەسەل پۈتۈپ قويىماقچى، چۈنكى ئادەملەر ئەگىتىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقەتنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ.

※ ※

بىر كۈنى، تۇلكە قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولۇپ، تېخى ئېغىز تەگكۈزمىگەن بىر مۇنچە گۆشنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ ـ دە، گۇگۇمدىن پايدىلىنىپ ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىدە ئازراق كۆز يۇمۇۋالماقچى بوپتۇ. بىر چاغدا ئۇ بۇرۇلۇپ قارىسا، بىر ئاچ بۆرە قەدەملىرىنى ئېغىر سۆرەپ، ئۇنى ـ بۇنى پۇراپ كېلىۋاتقانىكەن.

— ھەي، ئېمىدىگەن پېشكەلچىلىك! — دەپتۇ بۆرە، — بۈگۈن گۆش تۇگۇل، قورساققا دالدا بولغۇدەك بىر تال ئۇستىخانمۇ تاپالمىدىم. ئاچ قېلىش پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ، پادىچىلار بەك ھوشيار، تايغانلار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرىدۇ. قارىغاندا ماڭا ئۆلمەكتىن باشقا يول يوقتەك قىلىدۇ.

— ھوي، راستلا شۇنداق كۈنگە قالدىڭمۇ؟

— راست، شۇنداق!

بىچارە دوستۇم، ئاچارچىلىق دېگەن چىدىغىلى بولمايدىغان ئىش! قۇرۇق ئوت ـ چۆپتىن ئازراق يەپ تۇرساڭ بولمامدۇ؟



# كرىلوف مەسەللىرى

ئىلكىمدە بىر مۇنچە چۆپ دۆۋىسى بار، قەدىناس دوستۇم، قانچىلىك يېگۈڭ بولسا، شۇنچىلىك يەۋەرگىن.

لېكىن، بۆرە قانداقمۇ ئوت ـ چۆپ يېسۇن، ئۇنىڭ بېدىنىنى گۆش تۇرسا، تۈلكىنىڭ يوشۇرۇپ قويغان گۆشلىرى توغرىسىدا بىر ئېغىز گەپ قىلمىغىنىنى قاراڭلار ! شۇنداق قىلىپ تۈلكە خېلى ياسالما تەكەللۇپلارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، بىزنىڭ بۇ كۆل رەڭ باتۇرىمىز ئاچ قورساق ھالدا ئۇخلىغىلى كېتىپ قاپتۇ.



# لەگلەك

ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇۋاتقان لەگلەك تۆۋەندىكى بىر كېپىنەكنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ۋارقىراپتۇ:

— تۈۋا، ماڭا ئارانلا كۆرۈندۇڭ جۇمۇ! مېنىڭ ئاسماندا، يەنە كېلىپ سەندىن يۇقىرى يەردە ئۇچۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، شۇ تاپتا تازا ئىچىڭ ئېچىشىپ كېتىۋاتقاندۇ - ھە؟!

— نېمە؟ ئىچىڭ ئېچىشىپ كېتىۋاتقاندۇ دەمسەن؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ! مېنىڭچە سەن ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىك بىر نېمە ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن. سەن ھەر قانچە ئېگىز ئۇچساڭمۇ، خەق سېنى ھامان يىپ بىلەن تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. قەدىرلىك دوستۇم، سېنىڭ بۇنداق تۇرمۇشۇڭنى ھەرگىز بەختلىك دېگىلى بولمايدۇ. مەن ئېگىز ئۇچالمايمەن، بۇنىسى راست، بىراق مەن ئۆز - ئۆزۈمگە ئىگىمەن، نەگە ئۇچقۇم كەلسە شۇ يەرگە ئۇچىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھېلىقىدەك ھاماقەتلەرگە ئەمەك بولۇپ بېرىدىغان ئويۇنچۇق بولۇپ قالغىنىم يوق.







ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاق قۇ، قىزىل بارراكۇدا بېلىقى ۋە راك

بىللە ئىشلىشىۋاتقان ئادەملەر بىر يەڭدىن قول چىقار-مىسا، ھەر قانداق ئىش بۇزۇلىدۇ، ئۇلار ھەر قانچە تاقىلداپ كەتسىمۇ ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمايدۇ.

※ ※

بىر كۈنى، قىزىل بارراكۇدا بېلىقى، راك، ئاق قۇ ئۈچى بىرلىشىپ بىر كىچىك ھارۋىنى چوڭ يولدىن سۆرەپ چۈش-مەكچى بوپتۇ. ئۇلار بۇ ئېغىر يۈكنى شۇنداق كۈچەپ سۆرەپ-تۇكى، ھەتتا گۆرەن تومۇرلىرى كۆبجۈپ كېتىپتۇ. مەيلى ئۇلار تارتسۇن ياكى ئىتتەرسۇن، ھارۋا جايىدىن بىر غېرىچمۇ قوزغالماپتۇ. بۇ يەردىكى چاتاق ھارۋىنىڭ ئېغىرلىقىدا ئە-مەس، بەلكى تارتىشتا ئىكەن: ئاق قۇ ھەدەپ ئۈستىگە تارتى-دىكەن، راك كۈچەپ تىرەجەپ كەينىگە سۆرەيدىكەن، قىزىل بارراكۇدا بېلىقى بولسا كۆلچەككە تارتىدىكەن. زادى كىمنىڭ تارتىۋاتقىنى توغرا، كىمنىڭ خاتا، بۇنى مەن بىلمەيمەن، سۇ-رۇشتۇرۇشنىمۇ خالىمايمەن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم ھېلىقى كىچىك ھارۋىنىڭ جايىدىن قوزغالماي تۇرغانلىقىلا، خالاس.





ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# جىگدىچى قۇش

ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قابىلىيىتى بولىدۇ. لېكىن، شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار باشقىلارنىڭ نام - ئابرويىغا ئىچى قارىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ چامى يەتمەيدىغان ئىشلاردا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ كېتىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى يېتىدىغان ئىشنى قىلىشى، چامى يەتمەيدىغان ئىشلارغا ھەرگىز ئېسىلماسلىقى لازىم.

※ ※

جىگدىچى قۇش سەۋە قۇشنىڭ ئاۋازىنى ھەر كۈنى دوراپ مەشىق قىلىپ، ئاخىر خۇددى سەۋە قۇشنىڭ ئۆزىدەكلا سايرايدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قىزىقارلىق دورامچىلىقى ئورماندىكى قۇشلارنىڭ ھەممىسىنى خۇشال قىپتۇ. كۆپچىلىك بىردەك ئۇنى «يارايسەن !» دەپ ماختىشىپتۇ.

سىز بىلەن بىزگە مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايىغۇ. لېكىن، بىر كۈنى بىر قۇش:

— بىراق، ئۇ بۇلبۇلغا يېتەلمەيدۇ ! — دەپتۇ. بۇ گەپنى جىگدىچى قۇش ئاڭلاپ قاپتۇ. كۆڭۈلسىز يېرى شۇكى، جىگدىچى قۇشمىزنىڭ ھەسەتخورلۇقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. «توختاپ تۇرۇڭلار، ئاغىنىلەر» دەپتۇ ئۇ ئىچىدە، «بۇلبۇلنى دوراپ سايراش دېگەن مەن ئۈچۈن ئىنتايىن ئوڭاي ئىش !» ئۇ بۇلبۇلنى دورايمەن دەپ شۇنداق غەلىتە سايراپ-



تۇكى، ھەممەيلەن تۇرۇپلا قاپتۇ. دەسلەپتە ئۇ چۇڭقۇلداپتۇ، ئاندىن بىر يۆتىلىپ قويۇپ، مەرىگەندەك ئاۋاز چىقارغىلى تۇرۇپتۇ، كېيىن نېمە بولغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئاسلاندەك مىياڭلاشقا چۈشۈپتۇ.

ئەتراپتىكى ئۇچار قاناتلار ئۇنىڭ بۇ «سايرىشى»نى ئاڭلاپ ھەممىسى تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كېتىپتۇ.

ھەي، سۆيۈملۈك جىگدىچى قۇش، سەن بۇلبۇلنى دورايمەن دەپ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە قالدىڭ. ئۇنى دوراپ سايرايمەن دەپ ئۇسال ئەھۋالغا قالغۇچە سەۋە قۇشىنى دوراپ يۈرۈۋەرگىنىڭ تۈزۈك ئىدى.







ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# كۆلچەك بىلەن دەريا

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپتۇ كۆلچەك يېنىدىكى دەريYاغا، — قارىسام، كۈن بويى توختىماي ئاقىسەن، سۆيۈملۈك ئاچا، تازا چارچايدىغانسەن - ھە؟ ! دائىملا قارىسام، ئۈستۈڭگە يا ئېغىر كېمىلەرنى ياكى ئۇزۇن - ئۇزۇن ساللارنى ئېلىپ ماڭىسەن، قېيىق - قولۋاقلارنىڭمۇ ھەددى - ھېسابى يوق. بۇنداق مەززىسى يوق تۇرمۇشتىن قاچانمۇ ۋاز كېچىدىغانسەن؟ سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولىدىغان بولسام، قۇرۇپ كېتىشكە رازى ئىدىمكى، ئۇنداق ھاياتقا كۆنمەيتتىم.

— مېنىڭكىدەك مۇنداق تىنچ، ئارامخۇدا تۇرمۇشنى باشقا نەدىنمۇ تاپالىشىڭ مۇمكىن؟ راست، مەن ھېچقانداق نام چىقارمىغانلىقىمغا ئىقرار، پۈتكۈل زېمىننى ئارىلاپ ئاقالمايمەن، كۆيچىلەرمۇ مېنى ناخشىغا قاتمايدۇ. لېكىن، راست گەپنى قىلغاندا ئۇنداق قۇرۇق ئاتاقنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ مەن بىر بەختلىك بىكارچى، يۇمشاق توپىلىق قىرغاقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئېسىلزادە خانىم سافاغا چۆكۈپ ياتقاندەك كېرىلىپ، ئازادە ياتىمەن. مەيلى كېمە، قولۋاق، مەيلى لىم - چەنزىلەر بولسۇن، ھېچقايسىسى مېنى بىسەرەمجان قىلمايدۇ، ھەتتا قېيىقنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن ! ناھايىتى كەلسە بىر نەچچە تال خازان باغرىمغا ئۈچۈپ چۈشىدۇ، بۇ شامالنىڭ ئۇلارنى مەن بىلەن بىللە ئارام ئالسۇن دېگىنى. بوران چىقسا ئەتراپىمدا توسىدىغان دەرەخلەر بار، ماڭا ھېچقانداق ئاۋارىچىلىك كەلمەيدۇ، مەن شۇنداق ئوك پې-



شانە يارالغان ! پۈتۈن ئەتراپىمدىكى دۇنيا ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتسە، مەن پەلسەپىۋى چۈشلەرنى كۆرۈپ سوزۇلۇپ ياتىمەن.

— ھەي پەيلاسوپ، — دەپتۇ دەريا، — سەن قائىدە بىلىدىغان بولساڭ، مۇنۇ نۇقتىنى ئۇنتۇما: سۇ ئېقىپ تۇرغاندىلا ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالايدۇ. خەق ئەگەر مېنى ئەزىم دەريا دېسە، بۇ مېنىڭ يېتىپ چۈش كۆرگەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلكى باyamقى قائىدە بويىچە توختىماي ئېقىپ تۇرغانلىقىمدا. مەن ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرغان شۇنچە كۆپ ۋە سۈزۈك سۇلىرىم بىلەن يىللار بويى ئىنسانىيەتكە بەخت ئېلىپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭا ،مەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدۇم، بەلكىم مەن ئەسىرلەر بويى مۇشۇنداق ئېقىپ كېتىۋېرىشىم مۇمكىن، ئۇ چاغدا سېنىڭ نامىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ.

دەريانىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلدە كۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ، ئەزىم دەريا توختىماي ئېقىۋېرىپتۇ، كۆلچەك بولسا يىلدىن-يىلغا قۇرۇغىلى تۇرۇپتۇ، ئاۋۋال ئۈستىنى لەش قاپلاپتۇ، ئاندىن قومۇشلار ئۈنۈپتۇ، ئۈنگەندىمۇ ناھايىتى تېز ئۈنۈپتۇ، ئاخىر كۆلچەك پۈتۈنلەي قۇرۇپتۇ.

※ ※

بار تۇرۇپ ئىشلەتمىگەن تالانت چوقۇم سۇسلايدۇ، بەلكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان چىرىش نەتىجىسىدە پۈتۈنلەي يوقىلىشىمۇ مۇمكىن. ھورۇنلۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھەر قانداق جايدا ئىش راۋاج تاپمايدۇ، جاپالىق خىزمەتنىڭمۇ روياپقا كەلمىكى مۇمكىن ئەمەس.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ترىشكانىڭ چاپىنى

ترىشكانىڭ چاپىنىنىڭ جەينىكى يىرتىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەسقۇ، ياماشقا كۆپ ۋاقىتمۇ كەتمەيدۇ، ئازراق يېپ، بىر تال يىڭنە تېپىپ ياماپ قويسىلا كۇپايە. ئۇ شۇنداق ئويلاپ، يېڭىنىڭ تۆتتىن بىر پارچىسىنى كېسىپتۇ ـ دە، جەينىكىنى ياماپتۇ. چاپان يېڭى ۋاقىتىدىكىدەك بىر ئوبدان بولۇپ قاپتۇ، پەقەت يېڭىلا سەل قىسقا. قىسقا بولسا نېمە بوپتۇ، بىر يېرى تاقىشاتتىمۇ يا؟ بولدى، كىيىۋېرىش كېرەك!

بىراق، ئۇ كوچىدىكى كىشىلەرنىڭ مازاقىغا قېلىشىنى ئويلىمىغانىكەن. ئۇ بوپتىلا دەپ يۇرۇۋېرىدىغان ھاماقەتلەردىن ئەمەسقۇ، ئۇلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىنى دەرھال توختىتىش كېرەك. «خۇداغا شۇكرى، بۇنىڭغىمۇ ئامال بار» دەپتۇ ئۇ كۆڭلىدە، «يېڭىمنى بۇرۇنقىدىنمۇ ئۇزۇنراق قىلىۋالسام بولمامدىمۇ!»

ئۇ دەرھال چاپىنىنىڭ پېشىنى كېسىپ يېڭىغا ئۇلاپتۇ، چاپىنى غەلىتە ھەم باشقىلارنىڭكىدىن قىسقا بولسىمۇ، پەرۋايىغا ئالماي كېرىلىپ يۇرۇۋېرىپتۇ.

بۇ يەككە ـ يېگانە مىسال ئەمەس. مەن شۇنداق بەگ ـ غوجاملارنى كۆرگەن، ئۇلار دەسلەپتە ئىشنى بۇزىدۇ، كېيىن ئۇ يەردىن ئېلىپ بۇ يەرگە چاپلايدىغان ئىشنى قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنى چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ دېگىلى بولسۇنمۇ؟ ئۇلارنى ترىشكانىڭ چاپىنىنى كىيىۋاپتۇ دېمەكتىن باشقا ئامال يوق!





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# ئىنژېنېر

كېلىشكەن بىر يىگىت ئۆي ـ زېمىن سېتىۋاپتۇ. بۇ نەچچە ئەۋلادتىن قالغان قەدىمىي جاي بولسىمۇ، ھەر ھالدا زامانغا لايىق ئىكەن، قورۇلۇشلىرى شۇنداق ئازادە، پۇختا، ئۇسكۇنىلىرى خىلمۇ خىل ۋە تولۇق ئىكەن، ئىشقىلىپ ھەممە يېرى شۇنداق ياخشى ئىكەن، پەقەت دەرياغىلا يىراقراق ئىكەن.

— لېكىن، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دەپ ئويلاپتۇ ھېلىقى يىگىت، — ئۆزۈمنىڭ خالىغىنىمدەك قىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىم بارغۇ، سۆرەپ ـ تارتىش ئۇسۇلى بىلەن ئازراق باشقۇرۇپ تۇرۇپ بىر نىمە قىلسام ئۆي ئۆزلۈكىدىن دەريانىڭ قېشىغا بارمامدۇ (قاراڭ، بۇ چىرايلىق يىگىت مىخانىكىلىق قورۇلۇش جەھەتتە خېلى كەسىپ ئەھلىمىكەن)، ئۆيىنىڭ ئاستىغا چانا قويۇپ بەرسەملا بولىدۇ، ئۆيىنىڭ ئۇلىنى كولاپ بوشاتقاندىن كېيىن ئاستىغا چانىنى شۇنداقلا قويغۇزىمەن، شۇنىڭ بىلەن خۇددى ئالىقىنىمدا ئويناتقاندەك، نەگە ئورۇنلاشتۇرغۇم كەلسە شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرىمەن. تېخى بۇنىڭ بىلەن دۇنيادا ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بىر ئىشنىمۇ قىلغان بولىمەن. ئۆيىنى دادىللىق بىلەن قوزغىغان كۈنۈم يەرلىك سازەندىلەرنى چاقىرىمەن، ئاغىنىلىرىمنى چاقىرىپ راسا كاتتا توي چېيى قىلىپ بېرىمەن، سۆرەيدىغان ماشىنىنى چوقۇم ئۆزۈم ھەيدەيمەن».

بىزنىڭ بۇ قاپ يۈرەك ئىنژېنېرىمىز مۇشۇ ئەسەبىي خى-



يالغا مەستانە بولۇپ دەرھال ئىشنى باشلاپتۇ، بىرمۇنچە ئادەمنى ياللاپ ئۆينىڭ ئۇلىنى كولىتىپتۇ، بۇ ئىش ئۈچۈن پۇلىنىڭ كۆزىگىمۇ قارىماپتۇ، قاتتىق كاللا قاتۇرۇشتىنىمۇ باش تارتماپتۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى ئۆينى جايىدىن قوزغاپ يۆتكەشتىلا بوپتۇ.

ئۇنىڭ شۇنچىلىك جاپا - مۇشەققەت تارتىپ قىلغان ئىشىنىڭ خۇلاسىسى ئۆينىڭ پۈتۈنلەي گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈشى بوپتۇ.

※ ※

بىزنىڭ ئارىمىزدا بۇنىڭدىنمۇ بىمەنە ۋە خەتەرلىك نىشانغا يېتىش ئۈچۈن خەقنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئاۋارە قىلىدىغانلارنى ئاز دېيەلەمسىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئوت ۋە برلىيانت

يېرىم كېچە، ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمگەن ۋاقىت ئىدى. كەن، كىچىككىنە ئۇچقۇننىڭ سەۋەبى بىلەن ئوت كېتىپ، دەھشەتلىك ئوت تورۇسقا ئۆرلەشكە باشلاپتۇ. ھودۇقۇش ۋە پاتىپاراقچىلىق ئىچىدە بىرتال برلىيانت يەرگە چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ يەردىكى كۈللەرنىڭ ئارىسىدا يالتىرىماي كۆمۈلۈپ ياتقانىكەن، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئوت مۇنداق دەپتۇ:

— سېنىڭ زەئىپ يالتىرىشىڭ مېنىڭ يورۇقۇم ئالدىدا ھامان تىرناق تاتىلاپ قالىدۇ، ئويلاپ كۆر، سەن يېقىنلا يەردە تۇرساڭمۇ، سېنى سۇ تامچىسىدىن ياكى ئەينەك سۇنۇقىدىن (ئەگەر ئۇلارغا ئاپتاپ ياكى ئوت شولىسى چۈشۈپ تۇرغان بولسا) پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن تەجرىبىلىك كىشىنىڭ كۆزى بولمىسا بىكار. بولدى، بۇ ھەقتە جىق سۆزلىمەي، سۆزلەۋەرسەم روھىڭ چۈشۈپ تۈگىشىپ كېتىدىغان ئوخشايسەن. ئۇستۈڭگە كىچىك بىر نەرسە، ھەتتا ئەسكى لاتا پارچىسى چۈشسىمۇ سېنىڭ نۇرۇڭنى يوق قىلىۋېتكۈدەك! ئەقەللىي بىرتال چاچ ئۈستۈڭگە چۈشۈپ قالسىمۇ، يالتىرىشىڭنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك قىلىسەن. ئەگەر غەزىپىمگە ئېلىپ، بىنانىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئۆرلەيدىغان بولسام، مېنىڭ يورۇقۇمنى يوق قىلىۋېتىش ئوڭاي ئىش ئەمەس. قاراپ باق! قانچىلىغان ئادەم ئولىشىپ كېلىپ يولۇمنى توسسىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ كۈچىنى تىرناقچىلىك كۆرمەيمەن، ماڭا تەگكەنلا نەرسىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتەلەيمەن. قارا، قىپقىزىل شولامنى ئاسمانغا چې-



چۋىدىم، ئەتراپتىكى ئاھالىلەر قورقۇپ نېمە ھالغا چۈشۈپ قالدى !

— راست، — دەپتۇ بىرلىيانت جاۋاب بېرىپ، — مېنىڭ نۇرۇم سېنىڭ ئالدىڭدا ھېچنېمە ئەمەس. بىراق، مەن زىيانسىز، مېنى ھېچكىممۇ خەققە زىيان سالدىڭ دېمەيدۇ. مېنىڭ تىنچلىق نۇرۇمنى ماڭا ھەسەت قىلىدىغانلاردىن باشقا، كىمنىڭ ئەيىبلىگىنىنى كۆرگەنسەن؟ لېكىن، سەن بولساڭ ···سەن··· سېنىڭ نۇرلىنىشىڭنىڭ ئۆزى ۋەيرانچىلىق. شۇڭا، قارا، خەقلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ئەڭ زور كۈچ - قۇدرەت بىلەن سېنىڭ يالقۇنۇڭنى ئۆچۈرۈۋاتىدۇ. سەن قانچىلىك دەھشەت بىلەن يانساڭ، ئۆزۈڭنى شۇنچىكى تېز خورىتىپ تۈگىتىسەن.

مانا قاراڭلار، ھەممە ئادەم كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپتۇ، تاڭ ئاتقاندا ئوتتىن پەقەت ئىس - تۈتەك ۋە ئاچچىق پۇراقلار قاپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا بىرلىيانت تېپىلىپتۇ. بىرلىيانت ئەڭ چىرايلىق زىننەت بۇيۇمى بولغاچقا، تاجغا قادىلىپ ئۆزىنىڭ نۇرىنى يال - يال چېچىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچىك ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# دەرۋىش بىلەن ئېيىق

جىددىي ۋاقىتلاردا ياردەمگە ئېرىشىش ئېسىل ئىش، بىراق بۇنداق چاغلاردا ھەممىلا ئادەمنىڭ ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ خۇدايىم نادان دوستقا ئۇچراپ قېلىشتىن ساقلىسۇن، چۈنكى زىيادە ئەخمەق دوست ھەرقانداق دۈشمەنىڭدىنمۇ خەتەرلىك.

ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق، يەككە - يېگانە بىر ئادەم شەھەردىن يىراق، چەت بىر ئورماندا ياشايدىكەن. ھېكايىلەردە دەرۋىشلىك تۇرمۇشى ئاجايىپ ماختاپ تەسۋىرلەنسىمۇ، لېكىن ئادەمزاتتىن ئايرىلىپ ياشاۋاتقانلارنى ئادەتتىكى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ. مەيلى راھەت - پاراغەت، مەيلى غەم - غۇسسە ئىچىدە ياشاۋاتقانلار ئۇچۇن بولسۇن، ھەممىسىگىلا كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقى تاتلىق بىلىنىدۇ.

گۈزەل ئوتلاق، بۇك - باراقسان ئورمانلارنى ئارىلاش، تاغ - دەريالاردىن ئۆتۈش، مەخمەلدەك يېشىل چىمەنزارلىقلاردا يېتىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈللۈك! بۇنىڭغا مەنمۇ قوشۇلىمەن. بىراق، بۇ كۆڭۈللۈك ئىشلارغا سەن بىلەن ئورتاقلىشىدىغان ھېچكىم بولمىسا، ئۇمۇ زېرىكەرلىك بىر نېمىگە ئايلىنىدۇ. بىزنىڭ بۇ دەرۋىشىمىزمۇ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئادەملەردىن ئايرىلىپ ياشاشنىڭ ئانچە كۆڭۈللۈك ئەمەسلىكىنى ئىقرار قىپتۇ. ئۇ ئورمانلىقتا ياكى ئوتلاقتا كېتىۋېتىپ، بىرەر تونۇش قوشنىسىغا ئۇچراپ قېلىشنى ياكى بىرەر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ پاراڭلىشىشنى ئارزۇ قىلىد-



كەن. بىراق، بۇنداق يەردە ئۇنىڭغا بۆرە ياكى ئېيىقتىن باشقا كىممۇ ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن؟

دېگەندەك، ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە بەك يوغان بىر ئېيىق ئۇچراپتۇ. ئۇ شىلەپىسىنى ئېلىپ (شۇ تاپتا ئۇ مۇشۇنداق ئەدەپلىك بولۇشقا مەجبۇر)، ئۆزىنىڭ كېلىشكەن بۇ يېڭى دوستىغا ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىپتۇ. بۇ چىرايلىق، يېڭى دوست ئۇنىڭغا يۇڭلۇق ئالدى پۇتىنى چىقىرىپتۇ. ئۇلار بۈگۈن ھاۋا ئوبدانغۇ، دېگەندەك پاراڭلارنى سېلىشقان بوپتۇ. ھايال ئۆتمەيلا ئىككىسى دوست بولۇشۇپتۇ ۋە بىر - بىرىدىن ئاي- رىلىشقا قىيماي كۈن بويى بىللە ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئىككىسىنىڭ قانداق سۆزلەشكەنلىكىنى، نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى، قانداق كۈلكە - چاقچاقلارنى قىلىشقانلىقىنى، نېمە ئويۇنلارنى ئوي- نىغانلىقىنى، راست گەپنى قىلسام تا ھازىرغىچە بىلمەيمەن. دەرۋىشنىڭ ئاغزى چىڭ، مىشكا[1] تەبىئىتىدىنلا سۆزلەشنى ئانچە خالىمايدۇ، شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتە باشقىلارنىڭ بىرنېمە بىلەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار نېمە توغرۇلۇق سۆزلەشسىمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ دەرۋىش مۇنداق قىممەتلىك بىر ھەمراھقا ئېرىشكىنىگە ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىكەن. ئۇ كۈن بويى مىشكاغا سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدىكەن، ئۇنى كۆرمىسە ئى- چىدە ئازابلانغاندەك بولىدىكەن، مىشكانى بىر ماختاپ كەتسە، نەچچە سائەتكىچە توختىمايدىكەن.

ئوچۇق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇلار كىچىككىنە بىر پىلان تۈزۈپتۇ، يەنى ئورمانلىقتىكى ئوتلاقتا بېرىپ ئايلانماق- چى، ئاندىن تاغلاردىن ئېشىپ يىراق - يىراقلارغا ساياھەت قىلماقچى بوپتۇ. بىراق، يولغا چىققاندىن كېيىن، بىزنىڭ

① روسىيىلىكلەر ئېيىقنى مىشكا دەپمۇ قويىدۇ.





# كرىلوف مەسەللىرى

دەرۋىشمىز چىڭقى چۈشنىڭ ئاپتىپىدا مېڭىپ ھېرىپ قاپتۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئادەم بىلەن ئېيىقنىڭ كۆچىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ ـ دە. مىشكا كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ دوستىنىڭ ناھايىتى يىراقتا قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا توختاپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئاغىنە، يېتىپ ئارام ئېلىۋالغىن، ئۇخلىغۇڭ كەلسە ئۇخلىۋال، بىرەر ئىش چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مەن يېنىڭدا ئولتۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلاي.

دەرۋىش ئۇخلىۋېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىپتۇ ـ دە، يېتىپ راسا كېرىلىپ بىر ئەسنىۋېتىپ، تېزلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. مىشكا ئۇنى قوغدىماق بولۇپ يېنىغا كەپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ قانداق قوغدىغانلىقىنى تۆۋەندە ئاڭلايسىلەر:

بىر چىۋىن كېلىپ دەرۋىشنىڭ بۇرنىغا قونۇپتىكەن، مىشكا چىۋىننى ھەيدىۋېتىپتۇ، لېكىن چىۋىن ئۇنىڭغا ئۇنىمىدىغان، يەنە ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە قونۇپتۇ. ماۋۇ ئىشنى قارىمامدىغان، «يارىماس !» بۇ گەپ بىلەن تەڭ چىۋىن دەرۋىشنىڭ بۇرنىغا قونۇۋاپتۇ، قونغاندىمۇ زادىلا مىدىرلىماي تۇرۇۋاپتۇ. ئەمدى مىشكاغا كەلسەك، ئۇ ئاۋازىنى چىقارماي قولىغا يوغان بىر تاشنى ئاپتۇ ۋە دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇپتۇ.

«ئۈنۈمنى چىقارماي، ھەرگىز ئۈنۈمنى چىقارماي» دەپتۇ ئۇ ئىچىدە، «بۇ گەپ ئاڭلىماس بەڭۋاشنىڭ تازا بىر ئەدىپىنى بېرىپ قوياي !» چىۋىن دەرۋىشنىڭ چېكىسىگە شۇنداق قونۇپتىكەن، مىشكا تاشنى توغرىلاپ تۇرۇپ بىر ئېتىپتۇ، تاش ئۇدۇل بېرىپ شۇنداق تېگىپتۇكى، مىشكانىڭ دوستىنىڭ كاللىسى ئىككى پارچە بولۇپ، شۇ ياتقانچە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.



# گۆل

ياسىداق بىر ئۆينىڭ ئىچىقلىق دېرىزىسىدىكى تەشتەكتە تەبىئىي گۈل، بىرنەچچە ئىسىل لوڭقىدا قەغەز گۈللەر تۇرغا-نىكەن. سىملارغا ئىلىپ - ئىلىپ ياسالغان بۇ قەغەز گۈللەر سەھەرنىڭ شامىلىدا كېرىلىپ ئۇيان - بۇيانغا چايقالغىنىچە يولۇچىلارغا ئۆزىنىڭ سۇنئىي كۆزەللىكىنى كۆز - كۆز قىپ-تۇ.

شۇ چاغدا، تۇيۇقسىز شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ، قەغەز گۈللەر خۇدادىن ئېمىشقا يامغۇرنى توختىتايدىغاندۇ، دەپ ئاغرىنىپتۇ، بەزىلىرى تىللاپتۇ، بەزىلىرى يالۋۇرۇپتۇ.

— ئەي خۇدا ! ماۋۇ يامغۇرلارنى قارا، قارىغىنا ! — دەپ ۋارقىرىشىپتۇ بەزىلىرى.

— بۇ يامغۇرنىڭ نېمىگە پايدىسى بار، — دەپتۇ يەنە بە-زىلىرى، — ۋۇ زاۋال تاپقۇر يامغۇرلار ! كوچا - كويلىنىڭ ھەممىسىنى رەسۋا قىلىۋەتتى، جاھاننىڭ ھەممە يېرى ئۇنىڭ دەستىدىن كۆلگە ئايلىنىپ پاتقاق بولۇپ كەتتى.

لېكىن، خۇدا ئۇلارنىڭ ئەخمىقانە تەلىپىنى ئىجابەت قى-لىشنى مۇۋاپىق كۆرمەپتۇ، يامغۇرنى بەلگىلەنگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغۇچە تولۇق ياغدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تومۇز ئىسسىق پەسىيىپ، سالقىنلىق پەيدا بوپتۇ، تەبىئەت تېخىمۇ جانلى-نىپ، دەل - دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلار بۇرۇنقىدىنمۇ تاۋلى-نىپ جۇلالىنىپ كېتىپتۇ.

دېرىزىدىكى چىرايلىق گۈللەر بولسا ئۆزىنىڭ رەڭدارلى-





قىنى تېخىمۇ جىلۋە قىپتۇ، بايىقى يامغۇرنىڭ شاپىنىدىن تېخىمۇ يۇمرانلىشىپ، تېخىمۇ رەڭ تۈزەپ، تېخىمۇ خۇش پۇراق چېچىشقا باشلاپتۇ. لېكىن، ھېلىقى قەغەز گۈللەرچۇ؟ ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق سۈلكىتىدىن ئايرىلىپ شۇ كۈنىلا ئەخلەت بىلەن قوشۇلۇپ تالاغا تاشلىنىپتۇ.

※ ※

ھەرقانداق ھەقىقىي تالانت ئېگىسى تۆھمەتكە پەرۋاسىز كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئارتۇقچىلىقى تەنقىدچىلەرنىڭ ئاغزىنى ئاچۇرمايدۇ. پەقەت قەغەز گۈللەرلا يامغۇردىن قورقىدۇ.



# دېھقان بىلەن يىلان

بىر يىلان دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭدىن ئۆيىدە تۇرغۇزۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇنى دېھقاننىڭ ئۆيىگە قورسىقىنى بېقىش ئۈچۈن كىرگەنمىكىن دەمسىز؟ ياق، ئۇ تېخى دېھقاننىڭ بالىلىرىغا قاراپ بەرمەكچىكەن. چۈنكى، ئەمگەك قىلىپ تاپقان ناننى يېسە تاتلىق تېتىيدۇ ـ دە.

— بىلىمەن، — دەپتۇ يىلان دېھقانغا، — ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىز يىلانلارغا ناھايىتى يامان كۆز بىلەن قارايدۇ، ھەممىمىزنىلا بىر تاياقتا ھەيدەپ ناھايىتى زەھەرلىك ھېسابلايدۇ، بىزنى ياخشىلىقنى بىلمەيدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگىمۇ مېھرى يوق، ھەتتا بالىلىرىنىمۇ قورسىقى ئاچسا يەۋېتىدۇ، دەيدۇ. بۇ گەپلەرنى راست دېگەندىمۇ، لېكىن مەن ئۇلارغا زادى ئوخشىمايمەن، مەن ئۆمرۈم بويى بىر ئادەمنىمۇ چاقمىدىم، يامان ئىشلارغا قاتتىق نەپرەتلىنىمەن، خەقلەر زەھەرلىك چىشىمنى سۇغۇرۇۋالسىمۇ ئاغرىنمايمەن، ناۋادا چىشسىزمۇ يەنە ياشىيالايدىغان بولسام... بىراق بۇنىڭغا سەل گۇمانىم بار! قىسقىسى، ساڭا مەندەك ياخشى يىلاننىڭ ئۇچراپ قېلىشى ئەمدى مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ بالىلىرىڭغا بەقەدەر مېھرىبانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىمنى ئويلاپ باقساڭ بولىدۇ!

— مۇشۇ گەپلىرىڭ راست بولغان تەقدىردىمۇ، — دەپتۇ دېھقان، — مۇشۇ گەپلىرىڭگە مەن ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، بەرىبىر سېنى ئۆيۈمدە ئېپقالالمايمەن. ئەگەر سېنىڭ ياخشىلىق-



# كرىلوف مەسەللىرى

لىرىڭنى قولۇم ـ قوشنىلار ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، ئەخلاق ـ لىق يىلان (بۇ سەن ! )غا ئەگىشىپ نەچچە يۈزلىگەن زەھەر ـ لىك يىلان يېتىپ كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بۇ يەردىكى باللارنىڭ ھەممىسى يىلانلارنىڭ قولىدا تۈگىشىدۇ. دوستۇم، سەۋەنلىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىزنىڭ نىمە ئۈچۈن بىرگە تۇرالمايدىغانلىقىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبىنى ساڭا ئېيتىپ بې ـ رەي: مېنىڭ مۇنداق بىر كۆز قارىشىم بار، مەيلى ياخشى يىلان بولسىمۇ، يىلاننىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشىراق.





# دېھقان بىلەن بۇلاڭچى

دېھقان بازاردىن بىر ئىنەك ۋە بىر سۇت چېلىكى سېتىۋېلىپ، يېزىنىڭ چىغىر يوللىرى بىلەن دەرەخلەرنىڭ سايىسىدە كېلىۋاتقانىكەن. يولدىن تۇيۇقسىز بىر بۇلاڭچى چىقىپ قېلىپ، ئۇنى پاك ـ پاكىز بۇلىۋاپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم ! — دەپتۇ سەھرالىق يىغلاپ، — مېنى خاراب قىلدىڭغۇ، ھەممىدىن قۇرۇق قالدۇردۇڭغۇ ! مەن ئاقلانغان پىيازدەكلا بولۇپ قالدىم. مۇشۇ ئىنەكنى ئالىمەن دەپ نۇرغۇن يىللار پۇل يىغمىغانمىدىم، نۇرغۇن ئەجىر قىلمىغانمىدىم، قانچە ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى مۇشۇ كۇنگە تەلمۇرمىگەنمىدىم !

— بولدى، بولدى، — دەپتۇ رەھىمدىل بۇلاڭچى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بۇ نالەڭنى ئاڭلاپ پەقەت چىدىمىدىم. مەن بەربىر سۇت ساغمايمەن، سۇت چېلىكىڭنى قايتۇرۇپ بەرسەم بولىدىغۇ مانا !



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئېكسكۇرسىيىچى

— ۋوي، سېنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

— يېڭى ئېچىلغان مۇزېينى بىر ـ ئىككى سائەت ئايلىنىپ كەلدىم. ھەممىلا نېمىنى كۆردۈم دېگىنە، كۆرۈپ ئادەمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالىدىكەن! ساڭا كۆرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرەي، ياخشى سۆزلەپ بېرەلىشىممۇ ناتايىن، ھەممىنىلا ئەستە ساقلاپ قالغىلى بولمايدىكەن. ئۇ يەردە ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەر جىق ئىكەن، تەبىئەتتىكى مۆجىزات، مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسى ئۇچار قانات دەمسەن، جان ـ جانىۋارلارنى دەمسەن، ھەممىسى شۇ يەردە ئىكەن؛ كېپىنەكلەرمۇ، قۇرت ـ قۇمرۇسقىلارمۇ، چىۋىن، قوڭغۇز، مىڭئاياغلارمۇ تۇرۇپتۇ! بەزىلىرىگە قارىساڭ، زۇمرەتكىلا ئوخشايدۇ، بەزىلىرىگە قارىساڭ، يالتىراق مارجاننىڭ ئۆزى، تېخى ئۇششاق ـ ئۇششاق خانقىزلارمۇ بار ئىكەن. دېسەم بەلكىم ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يىڭنىنىڭ ئۇچىدىنمۇ كىچىك!

— سەن پىلنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالغىلى بولمايدۇ، پۇتلىرى شۇنداق يوغان، ئۆزىمۇ بەھەيۋەت مەخلۇق، ئۇنى كۆرۈپ بەئەينى تاغ ئىكەن دەپ قالغانسەن! ؟

— ئۇ يەردە پىلمۇ بارمىكەن؟

— ئەلۋەتتە، بولىدۇ ـ دە!

— پىل؟ ھەي، ئەپسۇس، مەن ئۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن.



# شىرنىڭ تەقسىماتى

ئىت، بۆرە، تۈلكە ۋە شىر تۆتى ئورماندىكى بىر ئۆيدە بىللە تۇرىدىكەن. ئۇلار ھەمراھلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك تۈزۈم بويىچە، ھەممىسى بىرلىشىپ شىكار قىلىدىغان، ئوۋلىغان نەرسىنى ھەممىسى تەڭ تەقسىم قىلىشىدىغان بولۇپ كېلىشكەنىكەن.

بىر كۈنى، تۈلكە بىر كېيىكنى يىقىتىۋاپتۇ (ئۇنىڭ قەيەردە، قانداق قىلىپ يىقىتىۋالغانلىقىنى بىلمەيمەن). كېيىك دېگەن ھەممىنىڭ يېگۈسىنى كەلتۈرۈپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىدىغان ياخشى نەرسە ـ دە، ئەلۋەتتە، ھەممىسى بۇنى تەڭ يېيىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن، تۈلكە بۇنى ھەمراھلىرىغا خەۋەر قىپتۇ.

ئۇلار ھەممىسى يېتىپ كەپتۇ. شىر ئەتراپىدىكى ھەمراھلىرىغا بىر قاراپ قويۇپ، پۇتى بىلەن كېيىكنى پارچىلاشقا باشلاپتۇ.

— كىچىك جانىۋارلىرىم، — دەپتۇ ئۇ، — بىز بۇ كېيىكنى تۆت بۆلەككە بۆلۈشىمىز كېرەك، ئۇ ئېنىققۇ!

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كېيىكنى تۆت پارچە قىپتۇ، ئاندىن مۇنداق دەپتۇ:

— مانا، بولدى، ئەمدى بىز تەقسىم قىلايلى. ئېنىق كۆرۈۋاتقانسىلەر؟ دوستلىرىم، ئەمىسە، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار! ماۋۇ بىر ئۈلۈش مېنىڭكى، بۇ بىز بېكىتكەن تۈزۈم بويىچە بولدى. ئەمدى ماۋۇ ئىككىنچى ئۈلۈش بولسا بۇمۇ مېنىڭكى،





# كرىلوف مەسەللىرى

چۈنكى مەن دېگەن شىر پادىشاھ، مېنىڭ پادىشاھ بولۇشۇمغا ھەممىڭلار قوشۇلغان. ماۋۇ ئۈچىنچى ئۈلۈشمۇ ماڭا تەئەللۇق، چۈنكى مەن ئۈچۈڭلاردىن كۈچلۈك. ئەمدى ماۋۇ تۆتىنچى ئۈلۈشكە كەلسەك، بۇنىڭغا قايسىڭ قولۇڭنى سوزۇشىدىكەنسەڭ، بۇ يەردىن ھايات كېتىمەن، دەپ خام خىيال قىلىشما !







www.uyghurkitap.com

# ئات ۋە چەۋەنداز

چەۋەنداز ئېتىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەپتۇ، شۇڭا ئېتى ئۇ قانداق قىل دېسە شۇنداق قىلىدىكەن، قامچا شۇنداق پۇلاڭشىسىلا، ئات دەرھال ئېسىنى تاپىدىكەن، ھەتتا چەۋەندازنىڭ نېمە دېگىنىنىمۇ ئۇقىدىكەن. چەۋەنداز بۇ ئېتىم گەپ ئۇققاندىكىن ئۇنىڭغا تىزگىن سېلىش ئارتۇقچىغۇ، دەپ ئويلاپ، بىر كۈنى سەپەرگە چىققاندا ئۇنىڭ تىزگىنىنى ئېلىۋېتىپتۇ.

تىزگىن بولمىغاندىكىن، دالادا ئات دېگەن چاپىدۇ ـ دە. ھەر ھالدا دەسلەپتە ئانچە تېز چاپماپتۇ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇددى ئىگىسىنى خۇشال قىلىۋەتكۈسى باردەك، يايلىسىنى سىلكىپ، بۆرە يورغىسى بىلەن چېپىپتۇ. لېكىن، بىزنىڭ باتۇر تۇلپارىمىز ئۆزىنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى سەزگەن چاغدا، شۇنداق يۈرەكلىك بولۇپ كېتىپتۇكى، چاپقانسېرى تېز چېپىپتۇ. كۆزلىرىدىن ئوت چاچراپ، تېنىدىكى قانلىرى ئۆركەشلەپ، ھەتتا ئىگىسىنىڭ ھاي ـ ھۇيلىرىغىمۇ قۇلاق سالمايدىغان ھالەتتە چېپىپتۇ.

بۇ چاغدا، بەختسىز چەۋەندازنىڭ ئۇنى باشقۇرۇشقا ھېچقانداق ئامالى قالماپتۇ. قولاشماي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن تىزگىن سېلىۋېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. پۈتۈنلەي تىزگىنسىز قالغان ئات بورانداك چېپىپ، ئەسەبىيلەرچە تاقلاپ، ئاخىر ئىگىسىنى يەرگە ئىرغىتىپ تاشلاپتۇ ـ دە، يەنە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي،





ئالدىدا نېمە بارلىقى بىلەنمۇ كارى بولماي، دەسمەتلىك چاپ-قىنىچە ھاڭغا غۇلاپ چۇشۇپ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.

ھەي ئىسىت ! بۇ چاغدا چەۋەندازنىڭ چەككەن ھەسرىتىن-گە نېمە تەڭ كېلىدۇ دەيسىلەر !

— ھەي بىچارە جانىۋار، ياخشى ئات ئىدىڭ، — دەپ نا-لە قىپتۇ ئۇ، — ھەممە بالايىقازانى ئۆزۈم تاپتىم. ئەگەر مەن قارامىلىق قىلىپ تىزگىنىڭنى ئېلىۋەتمىگەن بولسام، سەنمۇ گېپىمگە كىرەتتىڭ، بۇنداق ھاڭغىمۇ غۇلاپ چۈشمىگەن بولاتتىڭ، مەنمۇ مۇنداق ئېچىنىشلىق كۈنگە قالمىغان بولات-تتىم.

※ ※

بولۇشىغا قويۇۋېتىدىغان ئەركىنلىككە ھەرگىز زىيادە مەپتۇن بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك. قىلچىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ئەركىنلىكنىڭ زىيىنىمۇ، خەتىرىمۇ كۆپ.



# دېھقانلار ۋە دەريا

ئېرىق - ئۆستەڭلەر تېشىپ كېتىپ، ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى ئېقىتىپ مېڭىپتۇ، دېھقانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ زادىلا چىدىيالماي قاپتۇ. بۇ كەلكۈن سۇلار دەرياغا قۇيۇلىدى- غان بولغاچقا، دېھقانلار دەريانىڭ ئالدىغا بېرىپ زىيانغا ئۇچ- رىغان نەرسىلىرىنى ئادىللىق بىلەن تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقچى بوپتۇ. دېمىسىمۇ بۇنىڭ جۇرئەت قىلغىلى بولماي- دىغان نېمىسى بار، ئەرز قىلغۇدەك ئىشلار جىققۇ، زىرائەتلەر نابۇت بولۇپ كەتتى، چاقپەلەكلەرمۇ ئېقىپ كەتتى، سۇدا غەرق بولۇپ كەتكەن مال - چارۋىلارنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق.

بۇ چاغدا، دەريا ئۆز ئېقىنىدا تەمكىن ئېقىۋاتقان، شەھەر بولسا ئىككى قىرغاقتا ۋەزمىن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانىكەن، ئەگەر شۇ تاپتا بىراۋ بۇ ئەسكىلىكنى دەريا قىلغان دېسە، خەقنىڭ ھەممىسى كۈلۈشى مۇمكىن. ساددا دېھقانلار چوقۇم تارتقان زىيانلىرىمىزنى دەريا تۆلەتىپ بېرىدۇ، دەپ پەرەز قى- لىشى مۇمكىن.

لېكىن، ئۇلار دەريا بويىغا يېقىنلاشقان چاغدا، ئالدىدا كەلگەن بىرى قولىنى پۇلاڭشىتىپتۇ، ھەممىسى يۇگۈرۈپ كەپتۇ. قارىسا، ئۆزلىرى تالاپەت تارتقان نەرسىلەرنىڭ يېرىمى دېگۇدەك دەريادا لەيلەپ تۇرغان !

دېمەك، ئەرز قىلىپ ئاۋارە بولۇشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئى- كەن - دە ! ئۇلار ئەمدى ئېرىقلارغا ئەمەس، بەلكى دەرياغا





قاراپ چەكچىيىشىپتۇ، ئاندىن باشلىرىنى چايقىشىپ ئارقىغا يېنىپتۇ ۋە يولدا كېتىۋېتىپ ئۆزئارا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئىشقا ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. ئېرىق - ئۆستەڭلەر بولغان نەرسىلىرىنى دەريا بىلەن تەڭ بۆلۈشىدىكەن ئەمەسمۇ. بۇ ھالدا دەرياغا ئەرز قىلساق، مورا-دىمىز قانداقمۇ ھاسىل بولسۇن!



# رەھىمدىل تۈلكە

بىر كۈنى، بىر كىشى ئۇقۇشماي قىزىل قۇيرۇقلۇق بىر بۇلبۇلنى ئېتىپ قويۇپتۇ. بالايىقازا شۇ قۇش بىلەن كەتسىلا مەيلىدىغۇ، لېكىن ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەپتۇ.

ئېچىنىشلىق يېرى شۇ بىر پاي ئوق بىلەن قىزىل قۇيرۇقلۇق بۇلبۇلنىڭ بىچارە ئۈچ بالىسىمۇ باشپاناھسىز قاپتۇ. بۇ ئەجەللىك زەربە ئۇلارنى ئالاقزادىلىككە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققانىكەن، ھېچقانچە ماغدۇرىمۇ يوق ئىكەن، كۈن كەچۈرۈشنىڭ يولىنىمۇ بىلمەيدىكەن. ئۇلار ئوزۇق يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئانىسىنى سېغىنىدىكەن. توختىماي تىترەشكەن ھالدا چۇرقىرىشىپ ئانىسىنى چاقىرىدىكەن. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ چاڭگىسى ئاستىدىكى تاشتا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان تۈلكە ئەتراپتىكى قۇشلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ بىچارە بالىلارنى كۆرسە كىمنىڭ يۈرىكى ئېچىشمايدۇ، كىممۇ بۇلارغا خەيرخاھلىق قىلمايدۇ؟ رەھىمدىل دوستلار، نىجاتلىق تىلەپ تۇرغان بۇ بالىلارغا ھەرگىز ئېتىبارسىز قارىمايلى، ھەممىمىز ياردەم قولىمىزنى سۇنايلى، ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا پاخال سېلىپ بېرەيلى ! شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. دۇنيادا ساۋاب تېپىشتىنمۇ ئوبدان ئىش بولامدۇ؟

— كەل، كاككۇك، كاللاڭنى ئىشلەت ! قارىغاندا تۈك تاشلايدىغاندەك تۇرىسەن، مويلىرىڭنى ئۇلارغا چۈشەك قىلىپ بەرگىن، بۇنىڭدىنمۇ پايدىلىق ئىش نەدە؟ بەربىر تۈكلىرىڭ





چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ھېچكىمگە لازىمى يوققۇ.

— تورغاي، ھەي، ئاسماندا پىرقىراپ، مولداۋ ئۆتۈپ يۈرگەن قۇش، ئويۇنىمۇ يېتەرلىك ئويناپ بولغانسەن، ئەمدى ئېتىز - داللارغا بېرىپ، يېگۈدەك نەرسە تېپىپ كېلىپ بۇ باللارغا بەرگىن.

— ھەي، پاختەك، باللىرىڭنىڭمۇ قاناتلىرى يېتىلىپ بوپتۇ، ئۆزىنىڭ يېمىكىنى ئۆزى تاپالايدۇ، ئەمدى ئۇلارنى خۇداغا تاپشۇرۇپ، ماۋۇلارغا ئانا بولغىن!

— ھەي، قارلىغاچ، چىۋىن تۇتۇپ كېلىپ بۇلارغا بەرگىن، بىچارىلەر قورسىقىنى بىر تويغۇزۇۋالسۇن.

— ھەي، گۈزەل ۋە باغرى يۇمشاق بۇلبۇل، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، سەن ھەممىنى خۇش قىلالايسەن، مەيىن شامال ئۇلارنىڭ غېرىبانە چاڭگىسىنى يېنىك يەلپۈۋاتقان چاغدا، سەن ئۆزۈڭنىڭ يېقىملىق ئەللەي ناخشاڭ بىلەن ئۇلارنى تاتلىق ئۇخلاتقىن.

ئىشىنىمەنكى، مۇشۇنداق كۆڭۈل بۆلۈش ۋە غەمخورلۇق ئۇلارغا ئانىسىنىڭ مۇسىبىتىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلىڭلار، بىز خەققە جاڭگالدىمۇ رەھىمدىللەرنىڭ بارلىقىنى بىلدۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك. بىز خەققە يەنە...

تۈلكىنىڭ گېپى تېخى تۈگىمەيلا ھېلىقى كىچىك ئۈچ بۇلبۇل ئاچلىقتىن ھوشىنى يوقىتىپ، دەرەختىن يىقىلغىنىچە دەل تۈلكىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. تۈلكە ئۆزىنىڭ رەھىم - شەپقەت، ديانىتىنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ، ھېلىقى قۇش بالىلىرىنى ئالمان - تالمان يەۋاپتۇ.

※ ※



دوستلىرىم، بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ئازابلاندىڭلارمۇ؟ ھەقىد-
قىي رەھىمدىل ئادەم ۋالاقشىپ ئولتۇرمايلا ساۋابلىق ئىشنى
جىممىدە قىلىۋېرىدۇ. ئۇچرىغانلا كىشىگە ئۆزىنىڭ خەيرخاھ
كۆڭلىنى نامايان قىلىشقا تىرىشىدىغان ئادەم ئۆز نەپسىنىلا
كۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ خەققە سېخىيلىق قىلىمەن دېگەن ۋەدىلىرى-
مۇ ئەمەلدە بىر تىيىن بولۇپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا: دېگى-
نىڭنى ئۆزۈڭ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ باقە، دېسەڭلار، شۇ
چاغدا كۆرىسلەركى، ئۇلار ئاشۇ تۈلكىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ چى-
قىدۇ، مەن مۇنداقلارنى جىق كۆرگەن.







ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ يىغىنى

مەيلى قانداق بەلگىلىمە ياكى نىزامنامە بولسۇن، ئۇ ۋىجدانسىز كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپلا قالىدىكەن، ئۇلار بۇنىڭدىكى ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپلارنى بىر ھىيلە - مىكىر بىلەن ھېچقانداق رولى يوق بىر نىمىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

※ ※

بۆرە شىر پادىشاھتىن ئۆزىنى قويلارغا مەسئۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. تۈلكە بۆرىنىڭ دوستى بولغاچقا، ئۇنى ھەدەپ ماختاپ شىرنى يۇمشىتىپتۇ. لېكىن، نېمىلا دېگەنبىلەن بۆرىنىڭ ئاز - تولا يامان ئاتىقى چىقىپ قالغان - دە، كۆپچىلىكنىڭ پادىشاھنى ئادالەتسىز ئىكەن دەپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ بېقىش كېرەك. زادى بۆرىنىڭ نەرى يامان، نەرى ياخشى، ئۇلار بىر نىمە دەپ باقسۇن. شۇنداق قىلىپ، شىر پادىشاھ بىر كۈنى يىغىن چاقىرىپتۇ.

پۈتۈن يىرتقۇچ ھايۋانات يىغىلىپتۇ، مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. شىر ھەممەيلەنگە ئۆزىنىڭ سالاھىيەت، مەرتىۋىسى بويىچە بىر - بىرلەپ پىكىر بايان قىلىشقا يول قويۇپتۇ. بۆرىگە قارشى بىرەر - يېرىم ئېغىز پىكىر چىقمىغاچقا، بۆرە ئاخىر قويلار رايونىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىنىپتۇ.



لېكىن، بۇنىڭغا قويلارنىڭ پېكرى قانداق، شەك ـ شۈبھىسىز ئۇلاردىن ناھايىتى نۇرغۇنى كېلىپ يىغىنغا قاتناشقاندۇ، دەيدىغانسىلەر بەلكىم. ياق، ئۇلار قويلارنى ئۇنتۇپ قالغان، پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان، گەرچە ئەڭ ئالدى بىلەن پىكىر ئېلىشقا تېگىشلىكلەر ئاشۇ قويلار بولسىمۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# دېمياننىڭ شورپىسى

— يەڭ، ئاغىنە، يەڭ! بۇ تاماقنى ئالاھىدە سىز ئۈچۈن ئەتكەن.

— بولدى، قەدىرلىك دوستۇم، ئەمدى يېيەلمەيمەن، ھېلىمۇ گېلىمدىن تېشىپ چىققۇچە يېدىم.

— كىچىك بىر قاچا شورپىغۇ، ئىچىۋېتەلەيسىز، ھېچقىسى يوق، تەمىمۇ ئوخشاپتۇ، بۇمۇ سىزنىڭ تەلىيىڭىز دەڭە!

— ھېلىمۇ ئۈچ قاچا ئىچتىم.

— ساناپ ئولتۇرغىنىڭىز نېمىسى؟ ھەي، ئىشتىيىڭىز بەك ناچاركەن جۇمۇ! سىزگە پايدا قىلىدۇ دەيمەن، ئىچىۋېتىڭ! راست گەپنى قىلغاندا، ئۆزىمۇ ئوخشىغان شورپىغۇ، قاراڭ پۇرىقىنى، سۈيىنىڭ سۈزۈكلۈكىچۇ تېخى، كەھرىۋادەك پارقىراپ تۇرىدۇ. قېنى، ئېلىڭ، دوستۇم، مەن ئۈچۈن بولسىمۇ ئىچىۋېتىڭا! مانا ماۋۇسى ئوكۇن بېلىقى، ماۋۇسى قورساق، ماۋۇ بىر پارچىسى ئۇستىر بېلىقى. ئاران يېرىمىنى ئىچىپسىزغۇ، ئىچىڭ! ھەي خوتۇن، سەن كېلىپ ئالسىلا - باقسىلا دەپ قويە، مېھمان سېنىڭ گېپىڭنى چوقۇم ئىلىك ئالىدۇ.

دېميان فوكانى ئاشۇنداق كۈتۈپتۇ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئارام

---

* ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەدىبلەرنىڭ بىر كەچكى ئولتۇرۇشىدا مەلۇم بىر شۆھرەتپەرەس يازغۇچى ھەدېسە ئەسىرىنى ئوقۇپ بېرىمەن، دەپ بىرمۇنچە ۋاقىتنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ. باشقىلار كرىلوفنى ئەسەر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ «دېمياننىڭ شورپىسى»نى يادا ئوقۇپ بېرىپتۇ.





ئالغۇزماپتۇ، ھەدەپ يېيىشكىلا توختىماي زورلاپتۇ. فوكانىڭ
چېكىلىرىدىن تەر چىقىپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ قاچىدى-
كىنى ئىچىۋېتىپ ناھايىتى لەززەتلەنگەندەك قىياپەتتە تۇرۇۋې-
تۇ.

— مانا، ئاغىنە دېگەن مۇنداق بولىمدۇ، مەن ئالدىغا تا-
ماق قويسا نېزىقاپ تۇرىدىغان يوغانچى بىر نېمىلەرگە بەك
ئۆچ، — دەپتۇ دېمىيان، — يېگەندە پۇخادىن چىققۇدەك يەي-
دىغان گەپ. قېنى، يەنە بىر قاچا ئىچىڭ!

شۇ چاغدا مۇنداق بىر ئىش بوپتۇ، بۇنىڭغا ھەيران
قالامسىز - قالمامسىز؟ فوكا شورپىغا ناھايىتى ئامراق بول-
سىمۇ، دەرھال چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، بېرىپ شىلەپە،
كەمەر ۋە ھاسىنى ئاپتۇ - دە ئۆيىگە قاراپ بەدەر يۈگۈرۈپتۇ
ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دېمىياننىڭ بوسۇغىسىغا يولىماپتۇ.

※ ※

يازغۇچۇم، ئۆزۈڭنى كەم ئۇچرايدىغان قابىلىيەت ئىگىسى
سانىساڭمۇ مەيلى. لېكىن، ئۆزۈڭنى بىلمەي، خەقنىڭ قۇلاق
تۈۋىدە توختىماي ۋالاقلاۋەرسەڭ، ئۇزۇنغا قالماي سېنىڭ شې-
ئىر ۋە نەسرلىرىڭ خەقلەرنى دېمىياننىڭ شورپىسىدىنمۇ بەت-
تەر بىزار قىلىۋېتىدۇ.







ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# كىچىك چاشقان بىلەن چوڭ چاشقان

— ۋاھ، قالتىس خۇش خەۋەر، سەن ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ كىچىك چاشقان يۈگۈرۈپ كېلىپ چوڭ چاشقانغا، — شىر بارغۇ مۈشۈكنى تۇتۇۋاپتۇ، ئەمدى بىز ئويناپ يۈگۈرۈپ يۈرسەك بولغۇدەك.

— قەدىرلىكىم، — دەپتۇ چوڭ چاشقان ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — بۇنىڭغا ئۇنچىۋالا خۇشال بولۇپ كەتمە، بىكار خۇش بولۇپسەن. ئۇ ئىككىسى سوقۇشىدىغان بولسا، شىر چوقۇم جېنىنى سېلىپ بېرىدۇ، مۈشۈكبايدىن قۇدرەتلىك ھېچنىمە يوق.

※ ※

دۇنيادا مەن مۇنداق ئىشنى جىق كۆرگەن: بىر ئادەم بىرىدىن بەك قورقۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنى ناھايىتى قورقۇنچلۇق چاغلاپ كېتىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قورقىدۇ دەپ ئويلايدۇ.





# سەۋە قۇشى بىلەن كەپتەر

سەۋە قۇشى ئۇقۇشماي قەپەسكە كىرىپ قامىلىپ قاپتۇ. بۇ بىچارە قۇش ئۆزىنى قەپەسكە ئۇيان - بۇيان ئۇرۇپ قىيىنىلىۋاتسا، بىر ئەدەپسىز ياش كەپتەر بىر چەتتە كۈلۈپ ئۇنى زاڭلىق قىپتۇ:

— نېمىدېگەن غەلىتە ئىش ! كۈپكۈندۈزدە خەققە تۇتۇلۇپ قېلىپ ئولتۇرغىنىنى، يا يېشى كىچىك بولمىسا ! كېسىپ ئېيتىمەنكى، مەن خەققە ھەرگىز تۇتۇلمايمەن ! ئۇلار مېنىڭ ناھايىتى چېچەن، ھوشيارلىقىمنى بىلىدۇ !

كەپتەر سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئادەتتىكى بىر قىلتاققا پۇتى ئىلىنىپ قاپتۇ.

※ ※

— ئەجەب ئوبدان بوپتۇ ! بۇنىڭدىن كېيىن، قەدىرلىك كەپتەر، باشقىلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ھەرگىز كۈلىدىغان ئىشنى قىلما.







ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى



# مەرۋايىت ئىزدىگۈچى

پادىشاھ بىشەلمەيدىغان مۇنداق بىر مەسىلە بار ئىكەن: زادى ئىلىم تەھسىل قىلىپ كىتاب يېزىشنىڭ پايدىسى بارمۇ، يوق؟ كىتاب مۇتالىئە قىلىش كىشىنىڭ قەلبىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئادەمنى كۈچ ـ شىجائەتتىن مەھرۇم قىلامدۇ، يوق؟ ئۇ بۇنى ئويلىسا ـ ئويلىسا قايمۇقىدىكەن. ئاخىر ئۇ ياخشىسى ئىلىم ئەھلى دېگەنلەرنى مەملىكەتتىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئىلىپنى تاياق دېيەلمەيدىغانلارنى ساقلاپ قىلىش تۈزۈكمۇ نېمە دېگەن ئويغىمۇ كەپتۇ. بىراق، شەرەپ بىلەن ئېيتىشقا بولىدىكەنكى، بىزنىڭ بۇ ئالىيجاناب پادىشاھىمىز پۇقرالارنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان كىشى ئىكەن، شۇڭا قانۇن چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەي، بۇ ئىشنى دۆلەت كېڭەشىگە قويۇپ باقماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كاتتا بىر يىغىن چاقىرىپ، كۆپچىلىكنى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئوچۇق ـ يورۇق جاۋاب بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ: ئىلىم ئەھلىلىرىنى دۆلەتتىن ھەيدەپ چىقىرىش كېرەكمۇ ياكى ئۇلارنى ئورنىدا قالدۇرۇش كېرەكمۇ؟ زادى بۇ ئىككى چارىنىڭ قايسىسى ئاقىلانە؟

دۆلەت كېڭەشىنىڭ ئەزالىرى ھەرخىل مۇھاكىمىلەرنى قىلىپ بېقىپتۇ، ھەممىسى ئۆزى بىلگىنىچە پىكىر قىلىپ ياكى كاتىپلىرى تەييارلاپ بەرگەن ماقالىلەرنى ئوقۇپ، بىر نېمىلەرنى دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى پادىشاھ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلىنى يېشەلمەپتۇ، ئەكسىچە پادىشاھ



تېخىمۇ گاڭگىراپ كېتىپتۇ.

بىرى دەپتۇ: نادانلىق دېمەك جاھالەت زۇلمىتى دېمەكتۇر. بىزگە ئەقىل - ئىدراك نۇرىنى ئاتا قىلغان، بۇ جاھاننىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى بىلدۈرگەن خۇدا بىزنىڭ ئەقىلسىز ھايۋاندەك يۈرۈشىمىزنى راۋا كۆرمەيدۇ. ئەگەر خۇدانىڭ بىزنى ياراتقان مەقسىتىگە شۈكۈر ئېيتىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم ئىلىم ئىنسانىيەتنى بەخت - سائادەتكە يېتەكلەيدۇ، دەپ قارىشىمىز كېرەك.

يەنە بىرى مۇنداق دەپتۇ: ئىنسانىيەت ئىلىم - پەندىن زىياندىن بۆلەك ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. ئىلىم كېرەكسىز نېمە، ئۇ پەقەت ئەخلاقنى بۇلغايدۇ، خالاس. مائارىپ راۋاج تېپىپ كەتسە، بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ مەملىكىتىمىزمۇ گۇمران بولىدۇ.

بۇ ئىككى خىل كۆز قاراشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ ياق، ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بەزىلىرى ئورۇنلۇق، بەزىلىرى بىمەنە گەپلەرنى خېلى قىلىشقان بولسىمۇ، كىتاب توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش يەنىلا بىر باشقا چىقماپتۇ.

پادىشاھ تېخىمۇ ئىنچىكە تەدبىر قوللىنىپ، ئەڭ ئەقىللىق سانالغان كىشىلەرنى يىغىپ، ئىلىم - پەن پايدىلىقمۇ، زىيانلىقمۇ دېگەن مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان دائىمىي كومىتېت تەشكىل قىپتۇ. لېكىن، بۇمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالماپتۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇلار ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان، ئالغاندىمۇ يۇقىرى مائاش ئالىدىغان كىشىلەر ئىكەن. بۇنداقلار ئۇچۇن پىكىرنىڭ بىرلىككە كەلمەسلىكىنىڭ ئۆزى بايلىق - دە. شۇڭا، ئۇلار تالىشىۋېرىدۇ، ھەتتا بۈگۈنكى كۈن-





گىچە تالاشسىمۇ، ئۇلار پۇلنى ئېلىپ، قورسىقىنى توقلاپ يۇرىۋېرىدۇ ! لېكىن، پادىشاھ ئىقتىسادىي مەسىلىنى ئۇزاردۇر كۆپتۆر چۈشىنىدىغان كىشى ئىكەن، شۇڭا بۇ يەردىكى چاتاقنى پەملەپتۇ ـ دە، دەرھال ئۇلارنى ھەيدىۋېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پادىشاھنىڭ گاڭگىرىشىمۇ كۈنسايىن كۈچىيىپتۇ.

بىر كۈنى، پادىشاھ بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر ئويلىنىپ ھەل قىلىش ئۈچۈن، دالىغا چىقىپ خىيال سۈرۈپتۇ، بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم كەپتۇ. قولىدا قېلىن بىر كىتابى بار بۇ ئاق ساقال چەت ئەللەرنى ئايلىنىپ كەلگەن كىشى ئىكەن، تۇرقىدىن تەمكىنلىكى، سالاپەتلىكى چىقىپ تۇرىدىكەن، كىشىدە ھۆرمەت قوزغايدىغان رەڭگى ـ رۇخسارىدىن مەردانىلىك، مېھرىبانلىق ۋە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىدىكەن. پېشانىسىدىكى قورۇقلاردىن مۇتەپەككۇرلارغا خاس ئالامەت بايقىلىپ تۇرىدىكەن. باياتىن بېرى چوڭقۇر خىيال ئىچىدە ئولتۇرغان پادىشاھ ئەمدى بۇ مۆھتەرەم ئەۋلىيا بىلەن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. پادىشاھ بۇ بوۋاينىڭ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزى ئويلاپ يېتەلمەيۋاتقان، ئىلىم ـ پەننىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپمۇ، كۆپ ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىنى سوراپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئەۋلىيا جاۋاب بېرىپ، — ئىجازەت قىلسىلا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىمنى ئاددىي ھېكايە ئارقىلىق ئىزھار قىلاي. ئۇزۇن يىللىق پىكىر قىلىشتىن ماڭا شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، بىر نەرسىنىڭ تەكتىگە يەتمەك ئۈچۈن پەقەت تەپەككۇر، مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك كېرەك، —



ئەۋلىيا پۇتۇن زېھنى بىلەن بىر قۇر ئويلىنىۋالغاندىن كې-
يىن، ھېكايىسىنى باشلاپتۇ، «ھىندىستاندىكى بىر دېڭىز سا-
ھىلىدا بىر بېلىقچى بار ئىكەن، ئۇ موھتاجلىق تۈپەيلى نەچ-
چە ئون يىللاپ ئەمگەك قىلىپ ئاخىرى ۋاپات بوپتۇ، ئۇنىڭ-
دىن ئۈچ ئوغۇل قاپتۇ. بۇ بالىلار دادىسىنىڭ بېلىقچىلىق
توردىن ھېچقانداق بايلىق چىقمايدىغانلىقىنى پەملەپتۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە دادىسىدىن قالغان بۇ ھۈنەرنى ئۇلار ياراتمايدىكەن،
شۇڭا ئۇلار دېڭىزغا بېرىپ باشقا بىر نېمىنى تاپماقچى بوپ-
تۇ، ئۇلارنىڭ تاپماقچى بولغىنى بېلىق ئەمەس، بەلكى مەرۋا-
يىت ئىكەن ! مەرۋايىت تاپسا، ئۇلار باي بولىدۇ - دە ! ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇلار سۇ ئۈزۈشنى ھەم دېڭىزنىڭ ئاستىغا شۇڭ-
غۇشنى بىلىدىكەن، شۇڭا دەرھال مۇشۇ ھۈنەر بىلەن جان بې-
قىش نىيىتىگە كەپتۇ.

بىراق، بۇ ئۈچىنىڭ ئېرىشكەن ھاسىلاتى بىر - بىرىگە ئوخشىماپتۇ. تۇنجى ئوغۇل ھورۇن ئىكەن، شۇڭا ئۇ قىرغاق-
تىكى قۇملۇقتا ئىككى قولىنى سېلىپ لاغايلاپ يۈرۈپتۇ، ئۇ
ھەتتا ئەتىۋار پۇتلىرىنى ھۆل قىلىشنىمۇ خالىماپتۇ، كاللى-
سىنى ھېچنېمىگە ئىشلەتمەي، دېڭىز دولقۇنلىرى قىرغاققا
چىقىرىپ قويغان نەرسىلەرگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ، شۇڭا
ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزمىقىمۇ مۈشكۈل ئىش بوپتۇ. با-
لىلارنىڭ ئوتتۇرانچىسى ھە دېسە دېڭىز ئىچىدە ھەپىلىشىپ،
مۈشكۈلاتتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي ئەجىر قىپتۇ.
ئۇنىڭ ئىشى بىكار كەتمەپتۇ، دېڭىزدىن نۇرغۇن قىممەتلىك
مەرۋايىتلارنى تېپىپتۇ، بايلىقى كۈن ساناپ ئاۋۇپتۇ. ئەمدى
كەنجى ئوغۇلغا كەلسەك، ئۇ ئالامەت بىر بايلىق تۇپلاش ئۈچۈن





قۇرۇق خىياللا قىلىپ ئۆزىچە بىر پىلان تۈزۈپتۇ ۋە ئىچىدە: «مەنغۇ دېڭىز بويلىرىدىن سۆزسىز مەرۋايىت تاپالايمەن. لېكىن مەن تېپىشقا تېگىشلىك بايلىق تېخىمۇ جىق بولۇشى كېرەك. مەن دېڭىزنىڭ ئىچىگە ئۆزۈپ بېرىشتىن قورقۇشنى نومۇس ھېسابلايمەن. ئەگەر مەن بىر يولىلا دېڭىزنىڭ تەكتىگە چۆكەلىسەم، ئۇ چاغدا قالتىس بولمامدۇ! مەن ئۇ يەردە سان - ساناقسىز بايلىققا، چەكسىز مال - دۇنياغا ئېرىشىمەن، ھەر - خىل - ھەر ياڭزا ئېسىل تاش، ئۈنچە - مارجان، لەئەل - ياقۇت، جاۋاھىراتلارنى تاپىمەن. ئۇ نەرسىلەر بولىدىكەن، قولۇمغا ئالتۇن دېگەن ئۆزى كېلىدۇ» دەپتۇ. بۇ بىچارە ئەخمەق ئاشۇنداق قۇرۇق خىيال بىلەن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ دېڭىزغا، يەنە كېلىپ دېڭىزنىڭ تەكتىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. ئۇ دېڭىزنىڭ تەكتىگە چۆكۈپتۇ ۋە ئاشۇ يەرنى ئۆمۈرلۈك ئۆلچىگىنىچە قاپتۇ. ئەخمەقانىلىكىنىڭ بەدىلى ئۆلۈم بىلەن خۇلاسىلىنىپتۇ». «ئالىيلىرى» دەپتۇ ئەۋلىيا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «بۇ مەڭگۇ مۇشۇنداق بولىدۇ، گەرچە بىلىمنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرگەن پايدىسى ناھايىتى زور بولسىمۇ، لېكىن تەۋەككۇلچىلەر ئۇچۇن ئىلىمنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان يېرىگە ئۇچراپ ھالاك بولۇپ كېتىدىغان، يەنە كېلىپ بۇ ئاقىۋەتنى ئۆزلىرى بىلەنلا تۈگەتمەي، باشقىلارنى، ھەتتا دوستلىرىنىمۇ سۆرەپ بىللە خاراب قىلىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ.»



# خوجايىن موماي بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئايال خىزمەتكارى

بىر موماي بار ئىكەن، ئۇ ناھايىتى قاتتىق قول، كۆڭلى قارا، رەھىمسىز، ھىيلىگەر ۋە سەپرا مىجەز ئىكەن. ئۇ ياش ئىككى قىزنى ياللىۋاپتۇ. بۇ قىزلارنىڭ ئىشى تاڭ سەھەردىن يېرىم كېچىگىچە تىككۈچىلىك قىلىش ئىكەن. بىچارە قىزلار، ھەتتا بېلىنى رۇسلىۋالغۇدەك پۇرسەتمۇ تاپالمايدىكەن. ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ، بايرام كۈنلەردىمۇ ئوخشاشلا ئىشلەيدىكەن، موماي ئۇلارغا بىرەر كۈن دەم ئېلىش ياكى ئاراملىق بەرمەيدىكەن، ئىشنىڭ توللىقىدىن ئۇلارنىڭ ئۇھ دېگۈچىلىكىمۇ قالمايدىكەن.

تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەن، ئۇلار تازا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چاغدا، ئىشىك قوڭغۇرىقى خۇددى ئىش تاشلاش سىگنالىدەك قاتتىق جاراڭلايدىكەن. بەلكىم سىز موماي ھېچ بولمىغاندا بىر - ئىككى قېتىم ئۇخلاپ قېلىپ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتالمايمۇ قالىدىغاندۇ، دېيىشىڭىز مۇمكىن. ياق، ئۇنداق بولمايدۇ ! ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر خورىزى بار، خوراز چىللىغان ھامان موماي چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەلتوسىنى يېپىنچاقلايدۇ، تۇل خوتۇنلار كىيىدىغان شلەپىسىنى كىيىدۇ، ئوچاققا ئوتنى نېرى - بېرى يېقىپلا، قىزلارنىڭ بىردىنبىر ئامرىقى بولغان كارىۋاتنىڭ قېشىغا ھاسىراپ - چۆمۈدەپ كېلىپ، ئۇلارنى قورايدەك قوللىرى بىلەن تارتىپ كارىۋاتتىن





www.uyghurkitap.com

چۇشۇرۇۋېتىدۇ، ناۋادا ئۇلار يەنىلا كۆزىنى ئاچالمىسا، كالتەك بىلەن ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۇبھىدىكى ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىدۇ. بىچارە قىزلار قاپاقلىرىنى تۇرۇشىدۇ، ئەسنىشىدۇ، يۈرىكىدە غەزەپ تېشىپ تۇرسىمۇ، قىلچە رازى - رىزالىقى بولمىسىمۇ، ئىسسىق تۆشەكتىن ئايرىلىشقا، راھەتلىك ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەتىسىمۇ ئۇلارنىڭ كۈنى يەنە شۇ — توخۇ قىچقىرىشى بىلەنلا موماي ئۇلارنى تۇرتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزىدۇ، ئۇلار يەنە كۈن بويى يىگىنە ئىشى بىلەن بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈنى مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىپتۇ، بىر كۈنى ئۇلار ئۆزئارا غوتۇلدىشىپتۇ: «ھەممىنى قىلغان ئاشۇ مەلئۇن خوراز، خەپ، شۇ خورازنى گېلىدىن غىققىدە بوغۇپ ۋارقىرىيالمايدىغان قىلىپ قويمىساق، شۇ چاغدا بىزگە قاق سەھەردە تۇرىدىغان ئىشمۇ بولمايدۇ. خەپ، خەپ، ئاشۇ مەلئۇندىن ئۆچىمىزنى بىر ئالمايدىغان بولساق.»

ئۇلار بىر كۈنى پۇرسەت تېپىپتۇ - دە، نىرى - بېرىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا لەنتى خورازنىڭ بوينىنى بوغۇپ، ئاۋازىنى ئۆچۈرۈپتۇ.

بۇنىڭ قانچىلىك پايدىسى بولدى دەيسىز؟ ئۇلار ئەمدىغۇ قانغۇچە ئۇخلىۋالارمىز، دەپ ئويلىغانىكەن، ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ تەقدىرى يەنىلا كاجلىقتىن قۇتۇلالماپتۇ. گەرچە خوراز ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىغا ئەمدى پۇتلىكاشاڭ بولمىسىمۇ، يەنى ئۇلارنى جاپاغا سالغان خوراز ئۆلۈپ تۈگىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى يەنە ئۇيقۇ بولماپتۇ. ئەمدى ئۇلارنى موماي ئۆزى ئەتىگەن تۇرۇپ ئويغىتىدىغان بوپتۇ. ئۇلار تۆشەككە كىرىپ، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىكەن. ئۇلار كېيىنكى كۈنلەردە بارغانسېرى تې-



خىمۇ سەھەر تۇرىدىغان، جاھاندىكى خورازلار چىلىلىماستىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يامغۇردىن قاچىمەن دەپ مۆلدۈرگە دۇچ كەلگەن-لىكىنى كېيىن بىلىپتۇ.

※ ※

سەن ئۆزۈڭنى بالايىئاپەتتىن ئەمدى قۇتۇلدۇم، دەپ تۇر-غاندا، يەنە بىر پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچ كېلىپ قالىسەن، ئەمدىلا بىر پەرىشانلىقتىن قۇتۇلدۇم دىسەڭ، يەنە بىر غەم ئۇستىلەپ كېلىپ سېنى قىينايدۇ، مۇنداق ئىشلار كۆپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى

# تاش بىلەن قوڭغۇز

— يائاللا، نېمانچىۋالا يوغانچىلىق بۇ ! شارىلداپ ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ كەتتىڭغۇ ! — دەپتۇ ئېتىزلىقتىكى تاش يېغىۋاتقان يامغۇرغا لەنەت ئوقۇپ، — خەقلەرنىڭ بۇنىڭغا ئامراقلىقىچۇ تېخى ! ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىمامدىغان ! خۇددى ئۇزۇندىن كۈتۈۋاتقان ئەزىز مېھمىنىغا تەلمۇرگەندەك تەلمۇرۇپ كېتىشكىنىنى تېخى، ۋايجىنەي، بار - يوقى بىر - ئىككى سائەت يېغىپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسىغۇ بۇ. مانا، خەق قەدرىگە يېتەي دېسە، مېنىڭ قەدرىمگە يەتسە بولىدۇ. مەن شۇ قەدەر كەمتەر ۋە مۇلايىم، مېنى نەگە تاشلاپ قويسا، قىلچە زارلانماي نەچچە يۈز يىلغىچە شۇ يەردە تۇرىۋېرىمەن، لېكىن كىم مېنى بىر ئېغىز ماختاپ قويۇپتۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنمىغۇ، بۇ جاھاندا يامانلىق ياخشىلىقنى بېسىپ چۈشىدۇ، دېگەن گەپ توغرا ئېيتىلغان.

— قۇرۇق گەپ قىلما ! — دەپتۇ قوڭغۇز ئۇنىڭغا ۋارقىراپ، يامغۇر مەيلى ئاز ۋاقىت ياغسىمۇ، ھامىنى ئېتىز - دالىلارنى ياشارتىدۇ، قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن زېمىننى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ، غەم باسقان دېھقانغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ. سەنچۇ، سەن كېرەكسىز نەرسە، ئېتىزلىق ئۈچۈن ئارتۇقچە يۈك !



※ ※

بەزىلەر خەقنىڭ قولاق تۈۋىگە كېلىپ: «مەن قىرىق يىل ئىشلىگەن ! » دەپ چۇقۇلدىشىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىمۇ ئاشۇ تاشتىن ئارتۇق ئەمەس.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئېيىقنىڭ ھەرە كۆنىكىگە نازارەتچى بولۇشى

يىرتقۇچ ھايۋانلار ئەتىيازدا بىر يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مىشكانى ھەرە كۆنىكىگە نازارەتچى قىلىپ بەلگىلەپتۇ. بەلكىم سىز بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا مىشكا بۇ ئىشقا باب ئەمەس ئىدىغۇ، دەپ كۈلۈشىڭىز مۇمكىن. بولدى، بۇ گەپنى تەگەشمەيلى، ھېچقايسىمىزدا خاتالىق يوق، نېمىلا دېگەنبىلەن ھايۋانلاردىن ئۇلاردا بولمىغان ئەقىل - پاراسەتنى تەلەپ قىلىشلىق بولمايدۇ - دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ نامراتلىرىمۇ بىر - بىرىدىن ناچار ئىكەن ھەم بۇ يەردىمۇ ئاللىقاچان ھەيدىۋېتىلگەنىكەن، بەلكىم ئامەت كېلىپ قالغاندۇ، ئىشقىلىپ ئېيىق ئۆزى شۇ يەردە بولغاچقا، بۇ ئىشقا سايلىنىپ قاپتۇ.

كېيىن، بۇ ئىشتىن چاتاق چىقىپتۇ — مىشكا ھەسەللەرنى ئوغرىلاپ ئۆڭكۈرىگە ئاپىرىۋاپتۇ. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن غۇلغۇلا قىلىشىپ كېتىپتۇ. سوت جاھازنى بىر مەھەل زىلزىلىگە سالغان بۇ جىنايى دېلونى كۆرۈپ چىقىپ، مىشكانىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىپتۇ، يەنى ئۇ خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، قىش بويى شەرمەندىلەرچە ئۆڭكۈرىدە قاملىپ ياتىدىغان جازاغا بۇيرۇلۇپتۇ.

مىشكا شۇ كۈنىلا قاملىپتۇ، بىراق ئۇنىڭدىكى ھەسەل مۇسادىرە قىلىنماپتۇ. مىشكا خۇددى ھېچنېمە بولمىغاندەك، غىڭ - پىڭ قىلماي يېتىۋېرىپتۇ. ئۇ ئۆڭكۈرىدە گەرچە كۈن



نۇرنى كۆرمىسىمۇ، ناھايىتى راھەتتە ياشايدىكەن، ھەر كۈنى نەچچە سائەتكىچە توختىماي تاپىنىدىكى ھەسەلنى يالايدىكەن. بۇ قانداقلا بولسۇن، سۇ بويىدا ھاۋانىڭ ئىسسىشىنى كۈتكەندىن كۆپ ياخشى ـ دە.








ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



# مايمۇن بىلەن ئەينەك

مايمۇن ئەينەكتىن تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ قېلىپ، پۇتى بىلەن ئېيىقنى تۇرتۇپتۇ.

— ھەي ئاغىنە، — دەپتۇ ئۇ، — ئەينەككە قاراپ باققىنا. چىرايىڭنىڭ سەتلىكىگە قارا، ۋايىەي، ئاۋۇ قورۇقلارنى، قىياپىتىڭنىڭ خۇنۇكلۇكچۇ تېخى. ئەگەر مېنىڭ چىرايىم سىنىڭكىگە سەل ئوخشاپ قالغان بولسا، ھار ئالغىنىمدىن چوقۇم ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان بولاتتىم. ھەر نېمە بولسا، ئاغىنىلىرىم ئارىسىدا مۇنداق بەتبەشىرىدىن ساناقلىقلا چىقىدۇ.

— ئۇلارنى ساناپ ئاۋارە بولما، — دەپتۇ ئېيىق، — ئەڭ ياخشىسى، سەن ئۆزۈڭنى بىر كۆرۈپ باققىنا.

لېكىن، مىشكانىڭ ياخشى كۆڭۈل بىلەن قىلغان بۇ مەسلىھەتىنى مايمۇن پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويماپتۇ.

※ ※

دۇنيادا مۇنداق مىساللار جىق. كىنايە قىلساڭ قىلىۋەر، لېكىن ئۇ بەربىر ئەسلىي قىياپىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. تېخى تونۇگۈنلا بىر ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم: پالانىنىڭ گېلى پوق ئىكەنلىكىنى پۈتۈن شەھەر ئەھلى بىلىدۇ، ھالبۇكى ئۇ پارا يېمەسلىك ھەققىدە گەپ ئېچىلغاندا، كۆزلىرىنى سىرلىق چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ، پوستانچى شۇنداق قىلاتتى، دەپ تۇرۇۋالدى.



# پاشا بىلەن پادىچى

پادىچى قويلىرىغا كۆز - قۇلاق بولۇشنى تايغانغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى دەرەخ سايىسىگە كېلىپ ئۇخلاۋاتقانىكەن. بىر زەھەرلىك يىلان ئۆمىلەپ كېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ، ئۇ يەنە بىرئاز يېقىن كېلىپ نەشتىرىنى چىقارسىلا پادىچىنىڭ غىڭ قىلماي جېنى چىقىدىكەن. دەل شۇ چاغدا بىر پاشا تولۇپ تاشقان خەيرخاھلىق بىلەن پادىچىنى چېكىسىدىن چېقىپتۇ.

پادىچى چۆچۈپ ئويغىنىپ، دەرھال يىلاننى ئۆلتۈرۈپتۇ. لېكىن، ئۇ ئويقۇچىلىقتا ئالدى بىلەن چېكىسىگە قاتتىق بىر شاپىلاق ئۇرغانىكەن، بىچارە پاشىنىڭ شۇ زامان مىجىقى چىقىپ كېتىپتۇ.

※ ※

پاشىنىڭ قىسمىتىنى ئايرىمچە ئەھۋال دېگىلى بولسۇنمۇ؟ ئاددىي ئادەملەرنىڭ كاتتا ئەربابلارنى غەپلەت ئويقۇسىدىن ئويغىتىۋەتكەندە ئالدىغان بىردىنبىر مۇكاپاتى ئاشۇ ئاق كۆڭۈل پاشىنىڭكىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دېھقان بىلەن ئەزرائىل

جاھاننىڭ جاپا ـ مۇشەققەت، ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆپ تارتقان، قېرى، ئاجىز بىر دېھقان ئۆشنىسىگە ئوتۇن ئارتىپ، قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقىدا پۇشۇلدىغىنىچە ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ كەپىسىگە كېتىۋاتقانىكەن. ئۇ ئوتۇنىنى يۇدۇپ بىرنەچچە چاقىرىم يول ماڭغاندىن كېيىن، دەم ئالماقچى بوپتۇ ـ دە، ئوتۇننى يول ياقىسىغا قويۇپ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ.

«ئاھ خۇدايىم، دەپتۇ ئۇ ئىچىدە نالە قىلىپ، مەن نېمانداق تەتۈر پېشانە يارىلىپ قالغاندىمەن، كەمبەغەلچىلىكتىن قول ئىلكىمدە ھېچنېمە يوق ئىكەن، ھەتتا خوتۇن، بالا ـ ۋاقىغىمۇ مالىك بولالماپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىجارە ھەققى، قەرز، ئالۋان ـ سېلىقنىڭ دەردى. ھەقىقىي بەختنىڭ ھۇزۇرىنى بىر كۈن بولسىمۇ كۆرگۈدەك زامان بولارمۇ؟»

ئۇ ئۆزىنىڭ كاج تەقدىرىنى تىللاپ، جىق نالە قىپتۇ، ھەتتا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئەزرائىلنىمۇ چاقىرىپتۇ. ئەزرائىل دېگەن جاھاننىڭ چېتىدە ئەمەس، دۇمبەڭنىڭ كەينىدىلا تۇرىدىغان نېمىكەن. بوۋاينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئەزرائىل يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— مېنى نېمىگە چاقىردىڭ، بوۋاي ! — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي ئەزرائىلنىڭ ھەيۋەتلىك بەستى ۋە قورقۇنچلۇق ئەپتىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكىنىدىن مۇنداق دەپتۇ:

— سىلىنى چاقىرغانلىقىمدىن خاپا بولمىسىلا، سىلىنى ئاۋارە قىلىپ ماۋۇ ئوتۇننى ئۆشنەمگە ئېلىپ قويامدىكىن دەپ



چاقىرىۋىدىم.

※ ※

بۇ قىسقىغىنا مەسەلدىن كۆرۈۋاللايمىزكى، ھاياتىنىمۇ يا-
مان دەيمىز، لېكىن ئۆلۈم ئۇنىڭدىن نەچچە ئون ھەسسە يامان !







[General Information]
书名=克雷洛夫寓言 1  维吾尔文
SS号=40250861